بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇندەرىجە

❖ ئىنساننىڭ يارىتىلىش قىسسىسى.....مۇھەممەد يۈسۈپ 3

❖ دۈشـــمەننىڭ تورزاقلىرىـــدىن ساقلىنىشـــنىڭ چـــارە ـ تەدبىرلىرى........................ ئوبۇلقاسىم زەرەپشان 7

❖ مـــال ـ دۇنيـــا بىـــلەن بولغـــان ئالاقـــدىكى تەڭپۇڭلۇق.........................ئابدۇلئەھەد ھاپىز 17

❖ خەيـــر ـ ســـاخاۋەت بىزنـــى مەڭگۈلـــۈك ھاياتقـــا ئېرىشتۈرىدۇ......... مۇھەممەدئەمىن ھاجىم تەرجىمىسى 25

❖ ئىنسان قانداق مەخلۇق...............تاھىر ئابباس 31

❖ سۈھبەتلىششمۇ بىر خىل سـەنئەت...................................................مۇھەممەدئەمىن ھاجىم 42

❖ ئەزىزىم بۇ دېگەنلىرىم ئامانەت...ئابدۇلئەھەد ھەقدار 51

❖ ئابدۇلخەبىر داموللاھاجىمنىڭ ھاياتى.مەھمۇتجان نىياز56

❖ بىز موھتاج بولۇۋاتقان سادىر پالۋان روھـــى..................................مۇھەممەد يۈسۈپ 72

المعرفة
مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2019

3 ـ سان
(ئومۇمىي 28 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى :
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۆچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇلئەھەد ئۆجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇرېھىم دۆلەت
مۆمىنجان سىدىق
ياسىن ئابدۇلھېكىم

ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر-تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com
ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز
مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
**Kamal Paşa Mahallesi Biga Sokak No. 27**
**Bodrum Kat Sefaköy Küçükçekmece istanbul**
***TEL: 0212-6243928***




وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي
الْأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُوا أَتَجْعَلُ فِيهَا مَنْ يُفْسِدُ فِيهَا
وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ
لَكَ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ (**30**) وَعَلَّمَ آدَمَ
الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ عَلَى الْمَلَائِكَةِ فَقَالَ
أَنْبِئُونِي بِأَسْمَاءِ هَؤُلَاءِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ (**31**)
قَالُوا سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنْتَ
الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ (**32**) قَالَ يَا آدَمُ أَنْبِئْهُمْ
بِأَسْمَائِهِمْ فَلَمَّا أَنْبَأَهُمْ بِأَسْمَائِهِمْ قَالَ أَلَمْ أَقُلْ لَكُمْ
إِنِّي أَعْلَمُ غَيْبَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَأَعْلَمُ مَا
تُبْدُونَ وَمَا كُنْتُمْ تَكْتُمُونَ (**33**) وَإِذْ قُلْنَا
لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ أَبَى
وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ (**34**)

تەرجىمىسى:

30 - ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار يارىتىمەن» دېگەن ئىدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان بىرىنى ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى، بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز ۋە ئۇلۇغلايمىز» دېدى. ئاللاھ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى.

31 - ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئەگەر سىلەر گېپىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى.

32 - پەرىشتىلەر: «(ئى رەببىمىز!) بىز سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز. شەكسىزكى، سەن ھەممىنى بىلگۈچىسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى.

33 - ئاللاھ: «ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: «مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى شەكسىز بىلىپ تۇرىمەن، سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم؟» دېدى.

34 - ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلغىلى) ئۇنىمىدى، تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.

## تەپسىرى

تەسىرلىك قىسسىلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەش «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر. قىسسىلەر كىشىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشى، ئۆتمۈشلەردىكى ئىشلاردىن ساۋاق ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ئورۇن ئالغان. ئاللاھ تائالا بۇ قىسسىلەر توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُولِي الْأَلْبَابِ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾[①].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاۋات قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان قىلىپ يارىتىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەرىشتىلەر بۇ ئىشنىڭ ھېكمىتىنى سوراش تەرىقىسىدە ئاللاھ تائالاغا دەيدۇكى: «ئى رەببىمىز! ئۆز ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن ئىش قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغانلىقتىن، خاتالىقلارنى ۋە يەر يۈزىدە قان تۆكۈشتەك جىنايەتلەرنىمۇ ئۆتكۈزۈشتىن خالىي بولالمايدىغان، بىلىمى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلمەيدىغان شۇ ئىنساننى يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىزدە گۇناھ ۋە ئاسىيلىقلارنى سادىر قىلىش

(①) يۇسۇف سۈرىسى 111 - ئايەت.

خاھىشى بولمىغانلىقتىن، بىز ساڭا ھېچقانداق ئاسىيلىق قىلمايمىز، ھەمىشە سېنى بارلىق كەمچىلىكلەردىن پاك ۋە مۇقەددەس دەپ مەدھىيەلەيمىز. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاۋات قىلىش ئۈچۈن ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىقرەك ئەمەسمىزمۇ؟» ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ شۇ مەنىدە دېگەنكى، مەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن — يەر يۈزىنى قانداق يول بىلەن ئاۋات قىلىش ۋە بۇ ۋەزىپىگە كىمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. مەن ياراتماقچى بولغان ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شۇنداق بىر خەلقكى، ئۇنىڭدا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئامىللىرى بولىدۇ. بۇ ئىككىسى بىلەن يەر يۈزى تەرەققىي قىلىدۇ ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشىمنىڭ ھېكمىتىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئاندىن بۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە ئورۇنباسارلىققا ئادەمدىن ھەقلىق ئىكەنلىكىڭلار راست بولىدىغان بولسا، قېنى بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېقىڭلار؟» دەيدۇ. پەرىشتىلەر ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالا قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ ھېكمەتلىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا: ﴿سُبْحَانَكَ لَا عِلْمَ لَنَا إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾ يەنى ﴿(ئى رەببىمىز!) بىز سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز. شەكسىزكى، سەن ھەممىنى بىلگۈچىسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن﴾ دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆگىتىلگەن شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، ئادەم ئۇلارنى تولۇق ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئورۇنباسارلىقنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان نازۇك مەخلۇق ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلىپ يېتىدۇ.

﴿خَلِيفَةً﴾ يەنى ئورۇنباسار — ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا بىر-بىرىنىڭ ئىزىنى باسقۇچى دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى قىسسە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى نەقەدەر ھۆرمەتلىك قىلغانلىقى، ھەتتا پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: «ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە شۇنى بىلدۈرگىنكى، رەببىڭ پەرىشتىلەرگە ‹ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار› دېگەن ھامان، بارلىق پەرىشتىلەر بۇ بۇيرۇقنى

uyghurkitap.com

دەرھال ئىجرا قىلدى، پەقەتلا ئىبلىس ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە تەكەببۇرلۇقى تۈپەيلىدىن ئادەمگە بۇ ھۆرمەت سەجدىسىنى قىلغىلى ئۇنىمىدى، رەببىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتتى، ئىبلىس شۇنىڭ بىلەن كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى ۋە تا قىيامەتكىچە رەببىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغۇچىلاردىن بولدى» دەيدۇ.

ئىبلىسنى ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقۇزغان نەرسە ئۇنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن تەكەببۇرلۇق ۋە ئاسىيلىق ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ ھالى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، ئىماننىڭ ئاساسلىق تەلپى ئەمەل بولۇپ، ئىماننىڭ ئىپادىسى ئەمەل ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئىماننىڭ راستلىقى ئەمەل بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئەمەل ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا، ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن پەرزلەرنى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئورۇندىماي، ئۆزىنى مۇئمىن، مۇسۇلمان دەپ يۈرگۈچىلەر قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەككى، ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ كاپىرلاردىن بولۇپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن - ئادەمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتقانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. گەرچە ئىبلىس ﴿رَبِّ فَأَنْظِرْنِي إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! ماڭا خالايىقلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر مۆھلەت بەرگىن﴾[1] دېگەن تەلپىدە ئاللاھ تائالانى «رەببىم» دەپ ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كاپىر ئىدى، چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى.

ئېتىقادنىڭ تەلپى ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە، كىتابلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا ۋە بۇلاردىن باشقا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش بولسا، ئەمەلنىڭ تەلپى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەل - ئىبادەتلەرنى جان - دىل بىلەن ئورۇنداشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا ئىماننىڭ مېۋىسىنى كۆرگىلى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن سوراپ ئۆگىنىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتۇر.

2. ئادەم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسىدۇر.

3. پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلىدىغان ھېكمەتلەرنى بىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگىدۇر.[2]

[1] ھىجر سۈرىسى 36: - ئايەت.
[2] «تەپسىر جەۋھەرلىرى»دىن

# دۈشمەننىڭ تۇزاقلىرىنى ساقلىنىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى



ئوبۇلقاسىم زەرەپشان

ئالدىنقى ساندا ئىستىخبارات دېگەن سۆزنىڭ خەۋەر ۋە مەلۇمات ئىگىلەش دېگەن مەنىدە بولۇپ، دۆلەتنى ئىچكى ـ تاشقى خىرىسلاردىن قوغدايدىغان ئورگاننىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى؛ ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئادەتتە ئاشكارا ۋە يۇشۇرۇن خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن تارماقلىرىنىڭ بولىدىغانلىقى؛ ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت دەپ قارىغان ئىچكى ـ تاشقى كۈچلەرنى پاش قىلىش ۋە پارچىلاپ يوقىتىش ئۈچۈن، بەزىدە شەيتاننىڭمۇ ئېسىگە كەلمەيدىغان ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلىقى؛ ئىستىخباراتنىڭ كۈچىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى؛ ئىستىخبارات ئويۇنلىرىنىڭ كۆپىنچە، ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسىلەرنى يەمچۈك قىلىش، ھەقىقەت تونلىرىنى سەرمايە قىلىش ۋە جەمئىيەتتىكى بەزى مۆتىۋەر شەخسلەرنى قوللىنىش بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى؛ خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلغاندىن بېرى، ھەرخىل ئىستىخبارات ئويۇنلىرىنى ئويناپ كېلىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلاردا توختىلىپ، 1990 ـ يىلدىن باشلاپ كۈنىمىزگىچە ئويلىنىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

ئويۇنلارنى تەشكىلات قۇرۇش ئويۇنى، هىزبۇتتەھرىرنى يەمچۈك قىلىش ئويۇنى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى يەمچۈك قىلىش ئويۇنى، ھىجرەت ئويۇنى، دائىشنى يەمچۈك قىلىش ئويۇنى، ئۆلىمالارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش ئويۇنى، تەشكىلاتلارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇش ئويۇنى، كاللا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى قاتارلىق سەككىز نۇقتىغا ئىخچاملاپ بايان قىلغانىدىم. ۋاھالەنكى بۇ ئويۇنلار ختاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى 1990 ـ يىلىدىكى ئەھۋالىدىن ھازىرقى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتكە كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان ئويۇنلار ئىدى.

بۇلارنى بايان قىلىشتىكى مەقسىتىم، بىرەر تەشكىلاتنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىش ياكى ئەيىپلەش ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي رېئاللىقنى بايان قىلىش ئارقىلىق، خەلقىمنى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق دۈشمەننىڭ دېيىغا ئۇسۇل ئويناپ، تېخىمۇ پاجىئەلىك تىراگېدىيىلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. ئەپسۇسكى، ماڭا بەزى ختاي غالچىلىرىنىڭ ۋە دۈشمەننىڭ دېيىغا بىلىپ ـ بىلمەي ئۇسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ تەھدىتلىرى بىلەن بىرگە، بەزى ئازغۇن ئېقىملارغا ئەگىشىپ قالغانلارنىڭ ئېتىرازلىرىمۇ ئاز بولمىدى. مەن قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇنلا بۇ ماۋزۇنىڭ سەزگۈرلۈكىنى، ھەر تەرەپتىن تەھدىت ۋە ئېتىرازلارغا ئۇچرايدىغانلىقىمنى ئالدىن پەرەز قىلغان بولساممۇ، لېكىن مىللىي ۋە دىنىي بۇرچۇم مېنى بۇ ماۋزۇدا قەلەم تەۋرىتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

ئاللاھ خالىسا بۇ ساندا قانداق قىلغاندا ختاي ئىستىخباراتىنىڭ ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىدىن ساقلىنىپ، دەۋا يولىدا تەۋرەنمەستىن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ تېپىشقا تىرىشىمەن.

ختاي ئىستىخباراتىنىڭ ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىدىن ساقلىنىشنىڭ مۇھىم چارە ـ تەدبىرلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئىلىم ئىگىلەش، ئاڭ ـ سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش.

يىراق ـ يېقىن تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بەرگەن دەۋرلەردە ھۆر، مۇستەقىل ياشاپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، خەلقىمىزدە بىلىمسىزلىك، نادانلىق ئەۋج ئالغان زامانلاردا قۇللۇق ۋە خار ـ زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولغانلىقىنى، تارىختا دۈشمەن ئويۇنلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ قۇربانى بولغانلارنىڭ خەلقىمىز ئىچىدىكى

بىلىمسىز، ھېسسىياتچان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بىلىمسىز، ھېسسىياتچان كىشىلەر دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىنى سېزەلمەستىن دۈشمەنگە ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدۇ. بىلىملىك ۋە ئاڭ-سەۋىيىلىك كىشىلەر دۈشمەننىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ، تۇزىقىغا دەسسىمەيدۇ، بەلكى دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىتاي ئىستىخباراتى ئىستىخبارات ئويۇنلىرىدا ئاساسەن بىلىمسىز، ياكى چالا ساۋات كىشىلەرنى قوللانغان، ھەتتا ئۇلارنى ئالىم-ئۆلىمالارغا يېقىن يولاتماسلىققا تىرىشىپ كەلگەن.

ئىلىم نۇر بولۇپ، ئىنسانغا ھېكمەت ۋە ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشنى، تەمكىنلىكنى، يىراقنى كۆرۈشنى، سەزگۈرلۈكنى، دوست-دۈشمەننى پەرق ئېتىشنى ئۆگىتىدۇ.

بىلىمسىزلىك زۇلمەت ۋە جاھالەت بولۇپ، مىللەتنىڭ قۇللۇق ۋە خار-زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولۇشىغا يول ئاچىدىغان چوڭ ئاپەت ۋە ئېغىر ئىللەتتۇر. ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىش، قۇللۇق ۋە خار-زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشنى؛ ھۆررىيەت، مەدەنىيەت، تەرەققىيات ۋە ئىززەتكە ئېرىشىشنى ئىزدىگەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مىللىي ۋە دىنىي بۇرچىدۇر.

ئىلىم ئىگىلەش نېمىتىدىن مەھرۇم قالغانلار ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ دەرس ۋە لېكسىيىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش ۋە ئىستىخباراتقا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كۆپرەك ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاڭ-سەۋىيىلىرىنى ئۆستۈرۈشكە، دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىغا قارىتا سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئىلىمنىڭ پەزىلىتى، بىلىمسىزلىكنىڭ قاباھىتى ھەققىدە قانچە سۆزلىسەك، يەنە ئازلىق قىلىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىيات ۋە گۈزەللىكلەر ئىلىمنىڭ پەزىلىتىنىڭ شاھىتلىرى بولغىنىدەك، خارابلىق ۋە ۋەيرانىلىقلار بىلىمسىزلىكنىڭ قاباھىتىنىڭ ئىسپاتلىرىدۇر.

ئىلىم ئىگىلەشكە، ئاڭ-سەۋىيىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىدىن ساقلىنىپ، دەۋا يولىدا تەۋرەنمەستىن ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ كاپالىتىدۇر.

2. جامائەتچىلىكنى چىڭ تۇتۇش، تەپرىقىچىلىقتىن ساقلىنىش.

مىللەتنىڭ بېشىغا ئېغىر مۇسىبەتلەر جامائەتچىلىككە سەل قاراشتىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەپرىقچىلىقتىن كېلىدۇ. بىزدە «توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەيدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. دۈشمەنلەر مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت توپتىن ئايرىغانلارنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭ تارىخىي مىساللىرى ناھايىتى كۆپ. بەزىلەر ئەرزىمەس باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن جامائەتچىلىكتىن ئايرىلىۋالىدۇ ۋە تېخىمۇ نەتىجىلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ، لېكىن ئۇلار «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېيىلگەندەك، جامائەتچىلىكتىن ئايرىلىپ نەتىجىلىك، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، تەپرىقچىلىققا سەۋەب بولۇپ، مىللەتكە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ، ئىسلامدا چوڭ خاتالاشقانلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

ئۆلىمالار مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋە جامائەت توپىدىن ئايرىلىۋېلىشى جايىز بولمايدۇ، بىر مىللەت ئىچىدە ئەھلى سۈننەت ۋە جامائەت توپىدىن بىرسى بولۇپ، يېڭىدىن ئىككىنچىسى ئوتتۇرىغا چىقسا، كېيىنكىسىنى تارقىتىۋېتىش ۋاجىپ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەپسۇسكى، بەزىلەر نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ، ھەرخىل ناملار ئاستىدا جامائەت قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئەھلى سۈننەت ۋە جامائەت بىرلىكىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنماقتا.

ئىسلام مۇسۇلمانلارنى جامائەتچىلىكنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ، جامائەتچىلىكنى بۇزۇشتىن ۋە تەپرىقچىلىق پەيدا قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى جامائەتچىلىككە بولغىنىدەك، ئاللاھنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە ئازابى نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ جامائەتچىلىكنى بۇزۇپ، توپتىن ئايرىلىۋالغانلارغا ياغىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا»** «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار»[1]. **«وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ تَفَرَّقُوا وَاخْتَلَفُوا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَأُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ. يَوْمَ تَبْيَضُّ وُجُوهٌ وَتَسْوَدُّ وُجُوهٌ فَأَمَّا الَّذِينَ اسْوَدَّتْ وُجُوهُهُمْ أَكَفَرْتُمْ بَعْدَ إِيمَانِكُمْ فَذُوقُوا الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ. وَأَمَّا الَّذِينَ ابْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِي رَحْمَةِ اللَّهِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ»** «روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقانلاردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. (قىيامەت كۈنىدە) بەزى يۈزلەر ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر قارىيىدۇ، يۈزى قارايغانلارغا (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى)

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار». يۈزى ئاقارغانلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ»[1]. «مِنَ الَّذِينَ فَرَّقُوا دِينَهُمْ وَكَانُوا شِيَعًا كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ» «سىلەر دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە ـ پىرقە بولۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خوشاللىنىدىغانلاردىن (بولماڭلار)»[2]. «إِنَّ الَّذِينَ فَرَّقُوا دِينَهُمْ وَكَانُوا شِيَعًا لَسْتَ مِنْهُمْ فِي شَيْءٍ إِنَّمَا أَمْرُهُمْ إِلَى اللَّهِ ثُمَّ يُنَبِّئُهُمْ بِمَا كَانُوا يَفْعَلُونَ» «دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا ـ جۇداسەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر (يەنى ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر)، كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىدۇ»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى جامائەتتىن بىرغېرىچ ئايرىلىدىكەن، شەكسىزكى ئۇ ئىسلام مۆرۋىتىنى بويىنىدىن ئېلىپ تاشلىغان بولىدۇ»[4]. «جامائەتچىلىكنى چىڭ تۇتۇڭلار، تەپرىقىچىلىقتىن ساقلىنىڭلار»[5]. «ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئىنايىتى جامائەتكە بولىدۇ»[6]. «مەن سىلەرنى جامائەتچىلىكنى چىڭ تۇتۇش، رەھبەرلىككە ئىتائەت قىلىش، ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىش قاتارلىق ئاللاھ مېنى بۇيرۇغان ئىشلارغا بۇيرۇيمەن، كىمكى جامائەتتىن بىرغېرىچ چىقىپ كېتىدىكەن، جامائەتكە قايتقانغا قەدەر ئىسلام تۇتقۇسىنى قويۇۋەتكەن بولىدۇ، ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇ كىشى ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، ئۆزىنى مەن مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دېدى»[7].

بۇ مەزمۇندا كەلگەن ئايەت، ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ، لېكىن ئەقىل ئىگىلىرىگە يۇقىرىدىكىلەر يېتەرلىك دەپ قارايمەن.

جامائەتچىلىكنى چىڭ تۇتۇپ، تەپرىقىچىلىقتىن ساقلانغان مىللەتنى شەيتان ئازدۇرالمايدۇ، دۈشمەنلىرى ئالدىيالمايدۇ. بۇنداق مىللەت چوقۇم دۈشمەنلىرىنى يەر چىشلىتىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە، ئىززەت ۋە شەرەپكە نائىل بولىدۇ.

3. ئاللاھنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 105، 106، 107 ـ ئايەتلەر.
[2] رۇم سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
[3] ئەنئام سۈرىسى 159 ـ ئايەت.
[4] ئىمام ھاكىم رىۋايىتى.
[5] ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى.
[6] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[7] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com

ئاللاھنىڭ كىتابىدىن، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن مىللەتنى شەيتان ئازدۇرىدۇ، دۈشمەن ئالدايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار نەپسى خاھىشلىرىغا، ئازدۇرغۇچى دوستلارغا ئەمەس، ئاللاھنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشى لازىم.

ئاللاھنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ھەققىدە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە نۇرغۇن بۇيرۇق ۋە تەشەببۇسلار بار بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت بىرقانچىسىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «اتَّبِعُواْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ وَلاَ تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء قَلِيلاً مَّا تَذَكَّرُونَ» «(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر»[1]. «فَاسْتَمْسِكْ بِالَّذِي أُوحِيَ إِلَيْكَ إِنَّكَ عَلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ» «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغىن، سەن ھەقىقەتەن توغرا يولداسەن»[2]. «ثُمَّ جَعَلْنَاكَ عَلَى شَرِيعَةٍ مِّنَ الأَمْرِ فَاتَّبِعْهَا وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاء الَّذِينَ لاَ يَعْلَمُونَ» «(ئى مۇھەممەد!) ئاندىن سېنى بىز (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە سۈننىتىمدىن ئىبارەت سىلەر چىڭ ئېسىلساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان ئىككى نەرسىنى قالدۇردۇم»[4].

ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرى ئاۋۋىلى تۈزەلگەن نەرسە بىلەن تۈزىلىدۇ. بۇ ئۈممەتنىڭ ئاۋۋىلى ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بىلەن تۈزەلگەن».

ئاللاھنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ئىنساننى ئازغۇنلۇقتىن، دۈشمەننىڭ ھىيلە - مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. ئىنسانغا ئەقىل - پاراسەت، تەمكىنلىك، يىراقنى كۆرۈش، دوست - دۈشمەننى پەرق ئېتىش قاتارلىق گۈزەل خىسلەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

4. ئىخلاسمەن ئۆلىما، ئىخلاسمەن رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىش.

دۈشمەن خەلقنى مىللەت ئىچىدىكى

---

[1] سۈرە ئەئراف 3 - ئايەت.
[2] سۈرە زۇخرۇف 43 - ئايەت.
[3] سۈرە جاسىيە 18 - ئايەت.
[4] ئىمام ھاكىم، ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىخلاسمەن ئۆلىما، ئىخلاسمەن رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن، تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئىشقا سالىدۇ. ئىخلاسمەن ئۆلىما، ئىخلاسمەن رەھبەرلەرنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشقا ئورىنىدۇ. چۈنكى ئىخلاسمەن ئۆلىما، ئىخلاسمەن رەھبەرلەر مىللەتنىڭ ھەر ئىككى دۇنيالىق مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، مىللەتنى دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئىخلاسمەن ئۆلىما ۋە ئىخلاسمەن رەھبەرلەر ئاللاھنىڭ دىنىدا قوشكېزەكلەر بولۇپ، ئىخلاسمەن ئۆلىمالار شەرىئەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولسا، ئىخلاسمەن رەھبەرلەر مىللەت ۋە ئۈممەتنىڭ ھىمايىچىلىرىدۇر. ئىخلاسمەن ئۆلىمالار يۈزبېرىۋاتقان ئىشلار ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن پەتىۋا بەرسە، ئىخلاسمەن رەھبەرلەر ھوقۇق ۋە نۇپۇزلىرى بىلەن، بۇ پەتىۋالارنى يۈرگۈزىدۇ. مانا بۇ ئايەتلەردە ئىشارەت قىلىنغان قۇرئان پىرىنسىپىدۇر: «يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا» «ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»[1].

ئىخلاسمەن ئۆلىما، ئىخلاسمەن رەھبەرلىرىگە ئىتائەت قىلغان مىللەت دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق مىللەت چوقۇم دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، كۆزلىگەن غايە ـ مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ.

5. تەقۋالىقنى ئاشۇرۇش.

دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرى ئاساسەن مەخپىي ـ يۇشۇرۇن ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئىنسان ھەرقانچە ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بولسىمۇ، غەيىپنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزىدە دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ قالىدۇ. پەقەت تەقۋادار ئىنسانلارلا بۇنىڭدىن ساقلىنالايدۇ، ساقلىنىش دەرىجىسىمۇ تەقۋادارلىق دەرىجىسىگە بېقىپ بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ داۋاملىق تەقۋادار ئىنسانلار بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە ـ مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىدىن ساقلايدۇ. بۇنىڭ تارىخىي مىساللىرى ناھايىتى كۆپ.

[1] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەردە مۆئمىنلەرنى تەقۋالىققا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ داۋاملىق تەقۋادارلار بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ئاقىۋەتنىڭ تەقۋادارلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، تەقۋادارلارنىڭ ئۆزىنىڭ دوستلىرى بولۇپ، ئۇلارغا قورقۇش ۋە قايغۇرۇش بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختكە، نېمەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «يا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ» «ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار»[1]. «إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَوْا وَالَّذِينَ هُمْ مُحْسِنُونَ» «ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[2]. «وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ» «ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر»[3]. «وَاللَّهُ وَلِيُّ الْمُتَّقِينَ» «ئاللاھ تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر»[4]. «أَلَا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللَّهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ» «راستلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىرىغا) قايغۇرۇش يوقتۇر»[5]. «وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَخْشَ اللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ» «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئاللاھتىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[6]. «إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا» «شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ»[7].

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە يەنە تەقۋادارلىقنىڭ ئىنساننى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىشىغا، رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىغا، پايدىلىق مول ئىلىملەرگە، ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان دىت ۋە زېرەكلىككە، ئاللاھ تائالانىڭ دوست تۇتۇشىغا، قىيىن ئىشلىرىنىڭ ئاسانلىشىشىغا، ئاللاھنىڭ قوللىشىغا ۋە ياردەمگە، ئاسمان ـ زېمىنلارنىڭ بەرىكەتلىرىگە، دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ساقلىنىشىغا، پەرزەنتلىرىنىڭ قوغدىلىشىغا، دۇنيا ـ ئاخىرەت ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇشىغا، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا ۋە كاتتا ساۋابقا، جەننەت ۋارىسلىرىدىن بولۇشىغا، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بېرىشىغا، جەننەت بۇلاقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا ۋە جەننەتتە مەڭگۈ ياشىشىغا نائىل قىلىشتىن ئىبارەت دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك نۇرغۇن مېۋىلىرىنى بايان قىلىدۇ.

تەقۋالىقنى ئاشۇرۇشنىڭ نۇرغۇن

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 102 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 128 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف 128 ـ ئايەت.
[4] سۈرە جاسىيە 19 ـ ئايەت.
[5] سۈرە يۇنۇس 62 ـ ئايەت.
[6] سۈرە نۇر 52 ـ ئايەت.
[7] سۈرە نەبەئ 31 ـ ئايەت.

يوللىرى بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

1. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن كىشىنى ئاللاھ تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ ۋە تەقۋالىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ، ياخشىلىق ئىشكىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. «وَالَّذِينَ اهْتَدَوْا زَادَهُمْ هُدًى وَآتَاهُمْ تَقْوَاهُمْ» «ھىدايەت تاپقانلارنى ئاللاھ تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەقۋادارلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ»[①].

2. كۆپ روزا تۇتۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمْ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ» «ئى مۇئمىنلەر! تەقۋادارلاردىن بولۇشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى»[②].

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: « كۆپ روزا تۇتقىن. چۈنكى روزا ئوخشىشى يوق (ئىبادەتتۇر)»[③].

3. تەقۋادارلارنىڭ ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّائِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُوا وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ أُوْلَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُوْلَئِكَ هُمْ الْمُتَّقُونَ» «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزكەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، (ئاللاھ نازىل قىلغان) كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، (پۇل-مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان) مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر»[④].

[①] سۈرە مۇھەممەد 17-ئايەت.
[②] سۈرە بەقەرە 183-ئايەت.
[③] ئىمام ئەھمەد، ئىمام نەسەئى رىۋايىتى.
[④] سۈرە بەقەرە 177-ئايەت.

4. ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَا كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ آيَاتِهِ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ» «ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئىي قىلىنغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ تەقۋادارلاردىن بولۇشلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ»[①].

5. كائىنات ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «إِنَّ فِي اخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمَا خَلَقَ اللَّهُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَّقُونَ» «كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە تەقۋادار قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتەن، (ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار»[②].

6. قۇرئان كەرىم ۋە زىكىر - تەسبىھلەرنى كۆپ ئوقۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يَهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا» «بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ»[③].

7. ياخشى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش، يامان كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش. «ئىنسان ئۆزى ئارىلاشقان كىشىنىڭ دىنى بىلەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ كىم بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىغا قارىسۇن»[④].

8. تەقۋادارلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش ۋە ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «أُولَئِكَ الَّذِينَ هَدَى اللَّهُ فَبِهُدَاهُمُ اقْتَدِهِ» «ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن»[⑤].

دېمەك، ئىلىم ئىگىلەش، ئاڭ - سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش؛ جامائەتچىلىكنى چىڭ تۇتۇش، تەپرىقىچىلىقتىن ساقلىنىش؛ ئاللاھنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش؛ ئىخلاسمەن ئۆلىما، ئىخلاسمەن رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىش؛ تەقۋالىقنى ئاشۇرۇش قاتارلىق نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە - مىكىر، ئويۇن ۋە تۇزاقلىرىدىن ساقلىنىپ، دەۋا يولىدا تەۋرەنمەستىن ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ۋە كۆزلىگەن غايە - مەقسەتلەرگە يېتىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

---

① سۈرە بەقەرە 187 - ئايەت.

② سۈرە يۇنۇس 6 - ئايەت.


③ سۈرە ئىسرا 9 - ئايەت.

④ ئىمام ئەبۇ داۋۇت، ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

⑤ سۈرە ئەنئام 90 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com




ئىنسان ھاياتىدا مال ـ دۇنيا ئىنتايىن چوڭ ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. تۇرمۇشىنىڭ باياشات ۋە خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن ئىقتىساد لازىم. جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ۋە ھەر ساھەدە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىقتىساد لازىم. ئاللاھنىڭ دىنىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئىقتىساد لازىم. دۆلەتنىڭ دۇنيادا نوپۇزلۇق بولۇشى ۋە ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشى ئۈچۈن ئىقتىساد لازىم. لېكىن مال ـ دۇنيانى غايە قىلىپ، پۈتۈن مەۋجۇدىيىتىنى ئۇنىڭغا باغلاپ، دۇنيالىقى ئۈچۈنلا ياشاش ئىنساننى پۇل ـ مالنىڭ قۇلى قىلىدۇ؛ ئىنساننى مەنىۋى قىممەتقاراشلىرىدىن يالىڭاچلاپ، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىدىغان ۋىجدانسىز، ساتقىن، خائىن ۋە مۇناپىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ھەم مال ـ دۇنيانى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ھەم مال ـ دۇنيانىڭ پىتنە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەدىس شەرىفلەردىمۇ شۇنداق. بۇنىڭدىن مەقسەت مۇسۇلماننىڭ مال ـ دۇنيا بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولغا كەلتۈرۈش. لېكىن مۇسۇلمانلار بۇ تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، ئاشقۇنلۇق ۋە پاسسىپلىق كىرىزىسىغا چۈشۈپ بەزىسى تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئاجىزلىق، خورلۇق ۋە زەبۇنلۇققا گىرىپتار قىلدى. يەنە بەزىسى پۇل-مالغا بېرىلىپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، ئەيشى-ئىشرەت، كەيپ-ساپا، ئويۇن-تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ھالال-ھارامنى تونىمايدىغان، ئاللاھتىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇتتى. مال-دۇنيانى دىنى ئۈچۈن، ۋەتىنى ئۈچۈن ۋە مىللىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا كەيپ-ساپا ئۈچۈن ھېسابسىز خەجلەيدىغان، پۇل تېپىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتىدىغان، دوست-دۈشمەننى پەرق ئەتمەيدىغان بولدى. نەتىجىدە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى كاپىرلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا خورلىنىشقا گىرىپتار بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندە مۇسۇلماننىڭ دۇنيا قارىشى، مال-دۇنياغا تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى قانداق بولۇشى كېرەك؟ قانداق قىلغاندا ئاشقۇنلۇق ۋە پاسسىپلىقتىن يىراق، تەڭپۇڭلۇق بىلەن ئىش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچىمىز.

### پۇل-مالنى ياخشى قوغداش ھەققىدىكى ئايەت-ھەدىسلەر:

ئاللاھ تائالا پۇل-مالنى ياخشى قوغداش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُؤْتُوا السُّفَهَاءَ أَمْوَالَكُمُ الَّتِي جَعَلَ اللَّهُ لَكُمْ قِيَامًا﴾ «ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماڭلار...»①

پۇل-مالنى ئاللاھنىڭ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمْدَدْنَاكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ﴾ «سىلەرگە نۇرغۇن مال ۋە ئەۋلادلار بەردۇق...»②

پۇل-مالنىڭ دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننىتى بولغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ «ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر...»③

پۇل-مال چىقىم قىلغانلىقنى ئۈستۈنلۈكنىڭ ۋاستىسى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ بِمَا فَضَّلَ اللَّهُ بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ وَبِمَا أَنْفَقُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ﴾ «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر...»④

پۇل-مالنىڭ ئاللاھنىڭ مۈلكى

① سۈرە نىسا: 5-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئىسرا: 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە كەھف: 46-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ سۈرە نىسا: 34-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَآتُوهُمْ مِنْ مَالِ اللَّهِ الَّذِي آتَاكُمْ﴾ «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن ماللىرىدىن ئۇلارغىمۇ بېرىڭلار...»[①]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇل-مالنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى كىشىنىڭ قولىدىكى ياخشى مال نېمىدېگەن ياخشى!»[②]

پۇل-مالنى قوغداشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «كىم مېلىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ شېھىد بولىدۇ.»[③]

ئەبۇ لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «مېلىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزەڭگە ئېلىپ قالغىن، شۇنداق قىلساڭ سەن ئۈچۈن ياخشىراق بولىدۇ.»[④]

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ۋارىسىڭنى باي ھالەتتە تەرك ئېتىشىڭ، ئۇنى يوقسۇل ۋە كىشىلەرگە مۇھتاج تەرك ئەتمەڭدىن ياخشىدۇر.»[⑤]

يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام مال-دۇنيانى بىر پىتنە دەپ قارايدۇ:

ئاللاھ تائالا پۇل-مالنىڭ ئىنسان ئۈچۈن بىر پىتنە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ﴾ «شۇنى ئوبدان بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار بىر پىتنىدۇر.»[⑥] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئۈممەتنىڭ بىر پىتنىسى بار، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ پىتنىسى مالدۇر.»[⑦]

ئاللاھ تائالا مال-دۇنيانىڭ ئېگىسىگە بىر ئازاب ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تُعْجِبْكَ أَمْوَالُهُمْ وَلَا أَوْلَادُهُمْ إِنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ بِهَا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ «ئۇكاپىرلارنىڭ مال-مۈلكلىرى ۋە ئەۋلادلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن! ئاللاھ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلىماقچى.»[⑧]

مال-دۇنيانىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنْ تُغْنِيَ عَنْهُمْ أَمْوَالُهُمْ وَلَا أَوْلَادُهُمْ مِنَ اللَّهِ شَيْئًا﴾ «ئۇلارنىڭ ماللىرى ۋە بالىلىرى (ئۇلارغا ئاخىرەتتە

---

[①] سۈرە نۇر: 33-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] ئىمام ئەھمەد 197/4، ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» 299، ھاكىم 236/2 رىۋايەت قىلغان. ھاكىم: بۇ سەھىھ ھەدىس دېگەن ۋە ئىمام زەھەبى بۇنىڭغا قوشۇلغان.
[③] ئىمام تىرمىزى (1418) رىۋايەت قىلغان ۋە ھەسەن سەھىھ ھەدىس دېگەن.
[④] ئىمام بۇخارى 2757، ئىمام مۇسلىم 2769 رىۋايەت قىلغان.
[⑤] ئىمام بۇخارى 2742، ئىمام مۇسلىم 1628 رىۋايەت قىلغان.
[⑥] سۈرە ئەنفال: 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[⑦] تىرمىزى (2336) كەئب ئىبنى ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ۋە ھەسەن سەھىھ ھەدىس دېگەن.
[⑧] سۈرە تەۋبە 55-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدىغان) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ.»[1] بۇنىڭدىن باشقىمۇ مال-دۇنيانى سۆكەپ كەلگەن كۆپ ئايەت، ھەدىسلەر بار. بۇ ئايەت ھەدىسلەرنىڭ مەقسىدى مۇسۇلمانلارغا مال-دۇنيانى يامان كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى مال-دۇنيادىن يىراق تۇرۇشقا يەنى تەركى دۇنيالىققا چاقىرماقچى ئەمەس. بەلكى مۇسۇلمانلارغا مال-دۇنيا تېپىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىكى تەكپۇئلۇقنى ساقلاشنى، ئىپرات-تەپرىتتىن ساقلىنىشنى ئۆگەتمەكچى.

پۇل-مال ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا بەرگەن چوڭ نېمىتى. ئۇنى قوغداش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئومۇمىي مەقسەتلىرىدىن بولۇپ، دىندا قوغداش پەرز بولغان بەش زۆرۈر نەرسىنىڭ بىرى. مۇسۇلماننىڭ مال-دۇنياغا تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى پۇل-مالنى غايە قىلىۋالماسلىق، ئۇلۇغۋار غايىگە يېتىدىغان ۋەسىلە قىلىش، ئۇنى تېپىشتا ۋە خەجلەشتە ئاللاھنىڭ سىزىپ بەرگەن يولىدىن چىقماسلىق، ئۇنى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ۋاستە قىلىش، پۇل-مالغا بېرىلىپ ھەددىدىن ئاشماسلىق، مۇتەكەببىرلىك قىلماسلىق ۋە پۇل-مالنى بۇزۇپ چاچماسلىق، ئۇنى يامان يولغا ئىشلەتمەسلىك ۋە ئۇنى ھەق يولدا ئىشلىتىشكە بېخىللىق قىلماسلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ﴾ «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نەسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.»[2]

مۇشۇ ئايەتنى كەرىمە بىزگە مال-دۇنيا ھەققىدە ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ پايدىلىق يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەت ئۈستىدە بىرئاز توختىلىپ ئۆتىمىز:

«ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن» يەنى سېنىڭ غايەڭ بۇ دۇنيا ھاياتىدا ھەشەمەتلىك، كاتتا سارايلاردا، ئەڭ ئېسىل تائاملارنى يەپ، يۇمشاق تۆشەكلەردە كەيپ-ساپا بىلەن ياشاپ، ئۆلەپ تۈگەش ئەمەس.بۇ دۇنيا ئىشلەيدىغان، ئەمگەك قىلىدىغان يەر، ئۇنىڭ كەيپىنى سۈرىدىغان يەر ئاخىرەت. شۇنىڭ

---

[1] سۈرە مۇجادەلە: 17-ئايەت.

[2] سۈرە قەسەس: 77-ئايەت.

ئۇچۇن سىنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىڭنىڭ غايىسى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتنى قازىنىش، ۋەزىپەڭ شۇ ئۇلۇغۋار غايىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلەش. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن مال-دۇنيا بايلىقى ۋە باشقا ئىمكانىيەتلىرىڭنى ئاخىرەت ھاياتىنى قازىنىش ئۈچۈن ئىشلەتكىن.

«دۇنيادىكى نەسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن» يەنى ئاللاھ بەرگەن پۇل-مالدىن دۇنيالىق ھاياتىڭ ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكىن. ئۆزەڭنىڭ ۋە ئائىلەڭنىڭ تۇرمۇشىغا ئىسراپ قىلماستىن، بېخىللىق قىلماستىن نورمال ھالدا پايدىلانغىن. يۇقىرىدىكى بايلىقىڭنى ئاخىرەتتىكى ھاياتىڭنى قازىنىش ئۈچۈن ئىشلەتكىن دېگەن سۆزدىن، دۇنيادا پايدىلانمىغىن دېگەن مەنىنى چىقىرىپ تەركى دۇنيا بولىۋالماسلىق ئۈچۈن ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى نەسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇما يەنى دۇنيا ھاياتىدىكى ئېھتىياجىڭنىمۇ نورمال شەكىلدە قامدىشىڭ كېرەك دەيدۇ.

«ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ ياخشىلىق قىلغىن،» دۇنيادىكى نەسىۋەڭنى ئۇنتۇما دېگەن سۆزدىن پۇل-مېلىڭنى باسۇرۇپ يېتىۋالغىن، ھېچكىمگە بەرمىگىن دېگەن مەنىنى چىقارماسلىق ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك سەنمۇ ياخشىلىق قىلغىن، دېدى. يەنى ئاللاھ ساڭا بەرگەندەك، سەنمۇ ئاللاھ يولىدا بەرگىن. دېمەكچىكى. سېنىڭ قولۇڭدىكى بايلىق ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەن نېمىتى، ئۇ سېنىڭ ئۆز مۈلكۈڭ ئەمەس، سەن ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ئىگىسى؛ يا ئۇ مال سېنى تاشلاپ كېتىدۇ ياكى سەن ئۇنى تاشلاپ كېتىسەن. ئۇ مال سېنىڭ قولۇڭدا ۋە سېنىڭ باشقۇرۇشۇڭدا بولغان ئىكەن، بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ، ئۆزەڭنىڭ ۋە ئائىلەڭنىڭ تۇرمۇشىغا نورمال ئىشلەتكەندىن كېيىن ئاشقىنىنى بېسىۋالماستىن، باشقا مۇھتاج كىشىلەرگە، ياشلارنى ياراملىق كىشىلەر قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە، ئاللاھنىڭ دىنىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلارنى كۈچلەندۈرۈش يولىغا ئىشلەتكىن. مېلىڭنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ۋە نامرات بولۇپ قېلىشتىن قورقمىغىن. چۈنكى ساڭا بۇ مال دۇنيانى بەرگەن ئاللاھ يەنە بېرىدۇ، بۇنىڭ شەرتى سېنىڭمۇ بۇ مالنى ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىشىڭدۇر.

«يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تىلىمىگىن» پۇل-مېلىڭغا تايىنىپ مۇتەكەببىرلىك قىلىپ، ئاللاھنىڭ نامرات، بىچارە بەندىلىرىنى ياراتمايدىغان، پۇل مالنى دەپ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوست بولىدىغان، ھەق يولىدىن توسىدىغان، پۇلۇم كېتىپ قالىدۇ، دەپ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ۋە ۋەتىنىگە خىيانەت

قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمىغىن. پۇلۇڭنى ئاللاھ نارازى بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتمىگىن. پۇل ـ مېلىڭ بىلەن بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلمىغىن.

«ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.» يەنى ئەگەر سەن پۇل مېلىڭدىن توغرا پايدىلانمىساڭ، ئۇنى ئۆز جايىغا ئىشلەتمىسەڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىققا سەۋەپ بولىسەن. ئاللاھ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىدىغان بۇزغۇنچىلارنى دوست تۇتمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قولۇڭدىكى نېمەتتىن سېنى مەھرۇم قىلىدۇ ۋە سېنى قاتتىق جازالايدۇ.

خەلقىمىزنىڭ ئون يىل بۇرۇنقى ئىقتىسادى ئەھۋالى، ئېرىشكەن بايلىقلىرى ۋە بۈگۈن ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى مۇشۇ ئايەت ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىدۇ. بۇندىن يۈز يىل بۇرۇن سومالىيە ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئەڭ باي دۆلەت ئىكەن. سومالىيىلىكلەر ناشتىدا يېگى جىگەر يېيىش ئۈچۈن قوينى ئۆلتۈرۈپ جىگەرنىلا ئېلىۋېلىپ قالغىنىنى تاشلىۋېتىدىكەن. تىرە زاۋۇتى قۇرۇلغان بولۇپ، قوي ـ كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ تىرىسىنى سويۇۋېلىپ قالغىنىنى تاشلىۋېتىدىكەن. بۈگۈن سومالىيە دۆلىتى دۇنيادىكى ئەڭ نامرات دۆلەتلەردىن سانىلىدۇ. سومالىيە خەلقىنىڭ كۆپ سانلىقى ناشتىدا جىگەر ئەمەس، يەيدىغان قۇرۇق نانغا مۇھتاج. دېمەك، ئاللاھنىڭ نېمىتىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن تۇزكورلارغا بېرىدىغان جازاسى مۇشۇنداق ئېغىر.

ئىسلام ھەم دۇنيادا ياخشىلىققا ئېرىشىش، ھەم ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلەشكە بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾«ئى رەببىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق بەرگىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق بەرگىن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.»[1] ئاللاھ تائالا بۇ دۇئا ئارقىلىق بىزگە يول كۆرسىتىدۇ. ئاغزىمىزدا بۇ دۇئانى ئوقۇپ قويۇپ ئەمەلىيەتتە ئۇ ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىمىسەك، دۇئايىمىز قوبۇل بولمايدۇ، تىلىگەن ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيمىز. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە ئاخىرەتنى دەپ دۇنيانى، دۇنيانى دەپ ئاخىرەتنى ئۇنتۇماسلىق، ھەر ئىككىسىنىڭ ياخشىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پەقەت ئىككى خىل كىشىدىلا ھەسەد قىلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ئاللاھ مال بەرگەن ۋە ئۇنى ھەق يولدا سەرپ

[1] سۈرە بەقەرە: 201 ـ ئايەت.

قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان كىشىدۇر»[1] دېگەن. بۇ يەردىكى ھەسەد قىلىشتىن مەقسەد ئاشۇ كىشىدەك ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىشلەپ پۇل تېپىشنى ۋە تاپقان پۇلنى ھەق يولدا سەرپ قىلىشنى كۆرسەتتىدۇ. شۇنداق قىلغاندا پۇل ـ مال ئازاب ئەمەس ياخشى نېمەت بولىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

ئىسلام تەركى دۇنيالىققا، نەپسنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇمايدۇ. ئىسلام نەپسنى ئىسلاھ قىلىپ تىزگىنلەشكە، ئۇنى ھالال دائىرىدە ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا، مال دۇنيانى ياخشى ئىدارە قىلىشقا، ئۇنىڭدىن ئەڭ ياخشى شەكىلدە پايدىلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مەنىۋاتىمىزنى كۈچلەندۈرىمىز، نەپسىمىزنى ئۆلتۈرۈپ روھىمىزنى يۈكسەلدۈرىمىز دەپ يېمەي ـ ئىچمەي ئۆزىنى قىيناشنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟› ئېيتقىنكى، ‹ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان، (بۇ دۇنيادا كاپىرلار ئۇلارغا شېرىك بولىسىمۇ) ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر. بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلى بايان قىلىمىز.»[2]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُحَرِّمُوا طَيِّبَاتِ مَا أَحَلَّ اللَّهُ لَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش ئۈچۈن ئۆزەڭلارغا) ھارام قىلماڭلار، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.»[3] بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا چەكتىن ئاشماسلىقنى تەكىتلىدى. مال ـ دۇنيادىن پايدىلىنىشتا چەكتىن ئېشىپ كېتىش، نورماللىقتىن ھالقىپ كېتىش، دىنى تىرمىن بويىچە ئېيتقاندا ھالال دائىرىدىن چىقىپ كېتىش بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنى يولدىن چىقىرىدۇ ۋە جازالىنىشقا ھەقلىق قىلىدۇ. ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى «ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» دېگەن سۆزگە بەك دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇنى يۈزەكى ئوقۇپ ئۆتەپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى

[1] بۇخارى (73)، مۇسلىم (816) ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ئەئراف: 32 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مائىدە: 87 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

«ئاللاھ دوست تۇتمايدۇ»، دېگەن سۆز ئاللاھ قاتتىق جازالايدۇ، دېگەن سۆزنىڭ سىلىقلاشتۇرۇلۇپ ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇڭا مۇشۇ جۈملە بىلەن ئاخىرلاشقان ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ئىشلارغا خىلاپلىق قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. بولمىسا ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ كېتىدىغان گەپ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە دۇنيادىكى نېمەت ۋە رىزىقلاردىن پايدىلىنىشنى رەت قىلغان تەركى دۇنيالىق تەشەببۇسىغا قارشى چىققان ئىكەن، دۇنياغا قۇل بولۇپ، پۈتۈن غېمى پۇل توپلاش بولغان، دۇنيا ھاياتىنى ئەڭ چوڭ غايە قىلىۋالغان، بەخت-سائادەت پەقەت پۇل-مال بىلەن بولىدۇ دەيدىغانلارغا قارشى چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَمَّا مَنْ طَغَى. وَآثَرَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا. فَإِنَّ الْجَحِيمَ هِيَ الْمَأْوَى﴾ «كىم چېكىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدىكەن، بىلسۇنكى، ئۇنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ.»[①]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «تىللا قۇلى، تەڭگە قۇلى ۋە بەرسە خۇش بولىدىغان بەرمىسە ئاچچىقلىنىدىغان ئالا چاپا قۇلى ھالاك بولسۇن! ئۇ بەختسىز بولسۇن، دۈم چۈشسۇن ۋە بېشىغا خاپىلىق كەلسە، ياردەمچى تاپالمىسۇن!»[②] بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇل-مالغا چوقۇنىدىغان، كۆزى پۇلدىن باشقىنى كۆرمەيدىغان، پۇل ئۈچۈن دىنىنى، مىللىتىنى ۋە ۋەتىنىنى ساتىدىغان غايىسىز، شەخسىيەتچى مەخلۇقلارغا بەددۇئا قىلىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنى مۇشۇنداق يامان ئىللەتتىن ئاگاھلاندۇرغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اللهُمَ لا تجعل الدنيا أكبر همنا و لا مبلغ علمنا و لا إلي النار مصيرنا، و اجعل الجنة هي دارنا و قرارنا يا رب العالمين» يەنى «ئاللاھىم! دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىمىز، ئىلمىمىزنىڭ غايىسى قىلمىغىن. ئى ئالەملەرنىڭ رەببى! بارىدىغان جايىمىزنى دوزاخ قىلمىغىن، جەننەتنى بىزنىڭ تۇرىدىغان جايىمىز ۋە يۇرتىمىز قىلغىن.»

دېمەك، ئىسلام مال-دۇنياغا دۇنيا ھاياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدىغان، ئاخىرەتتىكى بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر ۋەسىلە دەپ قارايدۇ، ئاشقۇنلۇق ۋە پاسسىپلىقتىن توسىدۇ، مال-دۇنيانى دۈشمەن تۇتماستىن ھالال دائىرىدە ئىشلەپ پۇل تېپىشقا، تاپقان پۇلنى ھەم دۇنيا ھاياتىنى قامداش ۋە ھەم ئاخىرەت ھاياتىنى قازىنىشقا ئىشلىتىشكە بۇيرۇيدۇ.

[①] سۈرە نازىئات: 37، 38 ۋە 39-ئايەتلەر.

[②] بۇخارى (2887) ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.



# خەير ـ ساخاۋەت بىزنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرىدۇ

د. شادىي سەبرى

مۇھەممەدئىمىن ھاجىم تەرجىمىسى

بىز بۇ دۇنيادا ئۆزىمىز يالغۇز ھالدا مۇۋەپپەقىيەت ۋە قالتىسلىق يولىغا قەدەم قويىمدۇق. ئاللاھ تائالا بىزگە ئىقتىدار ۋە كۈچ ـ قۇدرەت بەرمىگەن بولسا، بىز شۇ ئىقتىدارغا ئىشەنمىگەن بولساق، ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى ۋە ياردىمى بولمىغان بولسا... بىز ھەرگىزمۇ ئىشەنچ يولىنى بويلاپ ئاكتىپ ھەرىكەت ۋە تاكتىكىلىق پائالىيەتلەرگە قەدەم كەلتۈرەلمىگەن بولاتتۇق. قەلبىمىزنى نۇرلاندۇرغان بۇ بەخت ـ سائادەتنى ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۆزىمىزنى ئىنتايىن ئۆزگىچە، قالتىس ھېس قىلىمىز ـ دە، پۇلدار بولساق پۇلىمىز ئارقىلىق، ئىلىملىك بولساق ئىلمىمىز ئارقىلىق... ئىشقىلىپ قولىمىزدىن كېلىدىغان بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن بېغىشلىيالايدىغان ئادەمگە ئايلىنىمىز. ئاللاھ تائالانىڭ «نېمەتىمگە شۈكۈر

قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دېگەن سۆزى بىزگە دائىم ئىلھام بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش خەير ـ ساخاۋەتسىز ھالدا چىن مەنىسىنى تاپمايدۇ. خەير ـ ساخاۋەت ئۆز ساھىبىنىڭ نېمەتلەر مەنبەسى ۋە بارچە پەزىلەتلەر ئىگىسى بولغان ئاللاھقا قىلغان شۈكرىسىنىڭ ئەمەلىي دەلىلىدۇر. بىز خەير ـ ساخاۋەت ئارقىلىقلا زامان ۋە دەۋرلەر بويى يادلىنىدىغان، ئىزىمىز ئۆچمەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىمىز. تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ئەجايىپ تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خەير ـ ساخاۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

## خەير ـ ساخاۋەت قانۇنىيىتى

ئۆزىنى بېغىشلاش پۈتۈن كائىنات ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنا قىلىنغان غوللۇق قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، قۇياش دېڭىز ـ ئوكيانلارغا ئۆز نۇرىنى تەقدىم قىلىدۇ ـ دە، بۇلۇتلار ھاسىل بولىدۇ. شاماللار بۇلۇتلارغا ھەرىكەت ئىقتىدارىنى تەقدىم ئېتىدۇ. بۇلۇتلار زېمىنغا پاك سۇلارنى تەقدىم ئېتىدۇ. بىز ئوكسىگېن سۈمۈرۈپ، كاربون ئىككى ئوكسىد چىقىرىمىز. ئۆسۈملۈكلەر كاربون ئىككى ئوكسىدنى سۈمۈرۈپ، ئوكسىگېن تارقىتىدۇ. دېمەك، پۈتۈن كائىنات بىر ـ بىرىگە خەير ـ ساخاۋەت قىلىشىدۇ. مانا بۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ھەم ئەبەدداۋام مۇشۇنداق داۋاملىشىدىغان ئۆزئارا بېغىشلاشتۇر. خەلق ئىچىدىمۇ «بۇ دۇنيا ئېلىپ ـ بەر دۇنياسى» دەيدىغان گەپ بار. تالانتلىقلار دۇنياسىمۇ «ئال ـ بەر» دۇنياسىدۇر. ئېلىش بېرىش ئۈچۈندۇر. ئىزچىل بېغىشلاش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس.

مەسىلەن، بىز بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ «ئون دوللار بېرىڭ» دېسەك، تەبىئىيكى ئۇ ئادەم «نېمىشقا ساڭا پۇل بەرگىدەكمەن» دەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ پۇلىدا بىزنىڭ ھەققىمىز يوق ـ تە! بىز ھېچقانداق سەۋەب كۆرسەتمەي باشقىلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلساق توغرا بولمايدۇ. ناۋادا شۇنداق سوراپ قالساق، ئۇ ئادەم بېرىشىمۇ، بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاۋۋال قولىغا ئون دوللار تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئاندىن «ماڭا ئون دوللار بېرىڭ» دېسەك، ئۇ ئادەمنىڭ بېرىشى تەبىئىي.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى ئۇ ئالغان ئون دوللار ئۇنىڭ پۇلى ئەمەس، بەلكى بىز بېرىپ تۇرغان ياكى ئامانەت قويغان پۇل، ئۇنداق بولغانىكەن ئۇنى قايتۇرۇشى كېرەك.

ھەئە، ئەلۋەتتە شۇنداق! بىزدە بار بولغان جىمى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر. بىز ئېرىشكەن ئىقتىساد، ئىلىم، ساغلاملىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان پەزلى ـ مەرھەمىتىدىندۇر. ئۇنداقتا بىز ئىلكىمىزدە بار نەرسىلەردىن ئېھتىياجلىقلارغا ساخاۋەت قىلىشىمىز لازىم. ئاللاھ مېھرىبان زات بولغاچقا بىزنى ئىلكىمىزدىكى جىمى نەرسىلەرنى ئەمەس، بەلكى بىر قىسمىنى بېرىشكە بۇيرۇدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار. ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».

خەير ـ ساخاۋەت مەسىلىسى ئىجتىمائىي نۇقتىدىنمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. ئىقتىسادلىق ئادەملەر خەير ـ ساخاۋەتكە ئەھمىيەت بېرىپلا تۇرىدىكەن، نامراتلىقتىن قېينىلىپ ئوغرىلىققا كىرىپ قالىدىغانلار چىقمايدۇ. ساخاۋەتلىك بايلار نامراتلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. نامراتلار بايلارنىڭ قېشىدا خىزمەتكە ئېرىشسە، بايلار نامراتلارنىڭ كۈچىدىن پايدىغا ئېرىشىدۇ. دېمەك بۇ يەردە ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈشۈش، بىر ـ بىرىگە خەير ـ ساخاۋەت قىلىشىش مەۋجۇت. ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئادەم «دائىم خەير ـ ساخاۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلايدۇ.

ھەئە، بىز خەير ـ ساخاۋەتنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئىلكىمىزدە بار جېمى نەرسىلەردىن خەير ـ ساخاۋەت قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، يېڭى كىيىم سېتىۋالغاندا ئېھتىياجىدىن ئاشقان كىيىمنى ئېھتىياجلىقلارغا بېرىۋېتىشىمىز كېرەك. بۇ كىيىم بىزگە نىسبەتەن كونا ھېسابلانسىمۇ، نامرات كىشىلەرگە يېڭى ھېسابلىنىدۇ.

ئۆگەنگەن ئىلىمدىنمۇ خەير ـ ساخاۋەت قىلىشىمىز كېرەك. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىلىمنى يوشۇرىدىكەن ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ئوتتىن يۈگەن سالىدۇ.»

ئاللاھ ئىلىم ئاتا قىلغانلار ئۇنى باشقىلارغا تەقدىم قىلىشى كېرەك. ئۆگەنگەنلىرىمىزگە ئەمەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. پەقەت ئەمەللا مەڭگۈلۈككە ئىگە. ئەبۇ ھۇرەيرە

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم ۋاپات بولسا ئۇنىڭ بارچە ئەمەللىرى ئاخىرلىشىدۇ. پەقەت ئۈچ ئىشلا داۋام قىلىپ (ئۇنىڭ ھېسابىغا پۈتۈلۈپ) تۇرىدۇ. سەدىقە جارىيە، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئىزچىل دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت».

خۇلاسىكالام، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىرىشكەن بارلىق ئىنئاملىرىمىزدىن خەير - ساخاۋەت قىلىشىمىز كېرەك. ئېھتىياجلىقلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشىمىز كېرەك، مانا بۇ، ھەقىقىي شۈكۈر ھېسابلىنىدۇ. «ياخشىلىق قىلغان ئادەملەر ئېچىنىشلىق پاجىئەلەردىن ساقلىنىپ قالالايدۇ».

ئەلقىسسە: ئىبنى جەدئان دەيدىغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر تۆگىسىنى خوشنىسىغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكەن ئىدى. خوشنىسىنىڭ يەتتە قىزى بار ئىدى. خوشنىسى ئىبنى جەدئاننىڭ بۇ سەدىقىسىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى. چۈنكى ئۆزى ۋە قىزلىرى تۆگىنىڭ سۈتىدىن ئىچىپ قورسىقىنى تويغۇزالايتتى. شۇ يىلى ياز ئىنتايىن قۇرغاقچىلىق بولۇپ، قەھەتچىلىك يۈز بەردى. زېمىنمۇ سۇسىزلىقتىن چاك - چاك يېرىلغان ئىدى. ئىبنى جەدئان ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ سۇ ۋە يېمەكلىك ئىزدەپ يولغا چىقتى. ئۇلار كېتىۋېتىپ يەر ئاستى تاش قاچىلىرىغا تۇتىشىدىغان بىر كارىزنى ئۇچراتتى. ئىبنى جەدئان سۇ ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن كارىزنىڭ ئىچىگە چۈشتى، بالىلىرى ئۇنى ساقلاپ كارىزنىڭ ئېغىزىدا قالدى. ئىبنى جەدئان كارىزنىڭ تېگىگە چۈشۈپ بولغاندا ھېچقانداق قىلىپ چىقالمىدى. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتتى، ئىككى كۈن ئۆتتى. ئۈچىنچى كۈنى بالىلار كارىز ئېغىزىدا ساقلاۋېرىپ ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە «دادىمىزنى يىلان - چايان چېقىۋېلىپ ياكى ئېزىپ قىلىپ قازا قىلغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قايتىپ كېتىشتى. ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى مىراس قىلىپ تەقسىم قىلىشتى. شۇ ئارىدا ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ يادىغا ھېلىقى خوشنىسىغا بەرگەن تۆگە كېلىپ قالدى ۋە «دادىمىز خوشنىمىزغا تۆگىنىڭ ئەڭ ئېسىلىنى بېرىۋېتىپتۇ، ئەسلى ئۇ ئۇنداق ئېسىل تۆگىگە ئەرزىمەيتتى» دېيىشىپ، بىر قوتۇر باسقان تۆگىنى يېتىلەپ چىقىپ، خوشنىسى بىلەن دادىسى بەرگەن تۆگىنى تېگىشىۋالماقچى بولدى. خوشنىسى «بۇ تۆگىنى ماڭا داداڭلار ھەدىيە قىلغان، بىز شۇ تۆگىنىڭ سۈتى بىلەن جېنىمىزنى جان ئېتىپ كېتىۋاتىمىز» دېدى. بالىلار «چىرايلىقچە تۆگىنى قايتۇرۇپ بەر، بولمىسا پۇشايمان قىلىسەن، ناۋادا قايتۇرۇپ بەرسەڭ ئورنىغا مۇنۇ تۆگىنى بېرىمىز» دەپ ھېلىقى قوتۇر تۆگىنى كۆرسىتىشتى. خوشنىسى:



www.uyghurkitap.com

ــ مەن داداڭلارغا دەيمەن، تۆگىنى داداڭلار بەرگەن تۇرسا، ئەمدى سىلەرنىڭ قايتۇرۇۋالىمەن دېگىنىڭلار نېمىسى؟!

ــ ھە كىمگە دېسەڭ دە، دادىمىز ئاللىبۇرۇن قازا قىلدى.

ــ قازا قىلدى، بۇ قانداق گەپ، نېمىشقا مېنىڭ خەۋىرىم يوق؟!

ــ ھە، دادىمىز سۇ ئىزدەپ بېرىپ جاڭگالدىكى كارىزغا بىر كىرىپ كەتكەنچە چىقمىدى.

ــ مېنى ئاۋۋال شۇ كارىز بويىغا باشلاپ بېرىڭلار، ئاندىن تۆگىنى قايتۇرۇۋالساڭلارمۇ ئۇلگۇرىسىلەر، مېنىڭ سىلەرنىڭ قوتۇر تۆگەڭلارغىمۇ ھاجىتىم يوق ــ دېدى خوشنىسى.

بالىلار خوشنىسىغا ھېلىقى كارىزنى كۆرسىتىپ قويۇشتى. خوشنىسى بىر ئارغامچا تەييارلاپ، مەشئەل يېقىپ كارىزغا چۈشتى. كارىزنىڭ تېگىگە يېقىنلاشقاندا ھېلىقى ئادەمنىڭ ئىنچىقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. خوشنىسى ئۇنى كارىزدىن ئېلىپ چىقىپ، سۇ ئىچكۈزۈپ، خورما يېگۈزدى ۋە ھاپاش قىلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ ياخشى كۈتتى. ئاستا ــ ئاستا ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. بالىلار تېخىچە بۇ ئەھۋالدىن بىخەۋەر ئىدى. خوشنىسى ئۇنىڭدىن «يەر ئاستىدا بىر ھەپتىدىن بېرى قانداقسىگە ئۆلۈپ قالماي ھايات ياشىدىڭ» دەپ سورىدى. بالىلارنىڭ دادىسى «مەن ساڭا ئاجايىپ بىر ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بېرىمەن دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاساسەن ھاياتتىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۇم. تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆزۈمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. شۇ ئارىدا دىمىغىمغا ئۇرۇلۇۋاتقان سۈتنىڭ ھىدىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئۆرۈلۈپ شۇنداق قارىسام قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يېقىن يەردە بىر قاچا تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن قانغۇدەك ئىچتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ كۈندە ئۈچ قېتىم شۇ قاچا پەيدا بولۇپ تۇردى. لېكىن نېمە بولدىكىن ئىككى كۈندىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالدى». خوشنىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ناۋادا ھېلىقى قاچىنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى كەلمەي قويغاننىڭ سەۋەبىنى بىلسەڭ ھەيران قالىسەن. بالىلىرىڭ سېنى قازا قىلغان چېغى دەپ ئويلاپ، سەن ماڭا ھەدىيە قىلغان ھېلىقى تۆگىنى تارتىۋالغانتى. ئەسلىدە سېنى ئاللاھ شۇ ساخاۋىتىڭنىڭ يۈزىدىن سۈغىرىۋاتقان بولسا كېرەك». دېمەك، مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ خەير ــ ساخاۋەت، ئاتا ــ ئېھسان ۋە سەدىقىلىرىنىڭ سايىسىدا ياشايدۇ. «ياخشىلىق بالا ــ مۇسىبەتتىن ساقلايدۇ». (تۆۋە گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى يەر)

بىز باشقىلارغا ساخاۋەت قىلغاندا كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيمىز. ياخشى ئىش ــ ئىزلىرىمىز ھەممە يەردە سۆزلىنىدۇ. ھەتتا ۋاپاتىمىزدىن كېيىنمۇ تىللاردا داستان بولىمىز.

www.uyghurkitap.com

بالىلىرىمىزنى ياخشى تەربىيەلىسەك ۋاپاتىمىزدىن كېيىنمۇ ياخشىلىقىمىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. باشقىلارغا ئىلىم ئۆگىتىپ قويساق بىزدىن كېيىنمۇ ئىزىمىز قالىدۇ، شۇ ئىلىمنىڭ ساۋابى بىزگە ئىزچىل يېتىپ تۇرىدۇ.

ئەمما ئاللاھ بەرگەن پەزلى - مەرھەمەتلەرگە بېخىللىق قىلغانلار بەرىكەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. دۇنيادا ئىز قالدۇرالمايدۇ. دۇنيادا بىزنىڭ بىردىنبىر قالدۇرالايدىغان نەرسىمىز ئىزچىل ياخشىلىق ۋە خەير - ساخاۋەت. بېغىشلىغۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە ماماتى تىللاردا داستان بولۇپ، مەڭگۈلۈك گۈزەل ئەسلىمىلەرگە ئايلىنىدۇ.

➢ خەير - ساخاۋەتنىڭ شەرتلىرى

1. بىزنىڭ قىلىدىغان خەير - ساخاۋەتلىرىمىز ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا ياخشىلارنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز.»»

2. باشقىلارغا بېرىدىغانلىرىمىز قولىمىزدىكى ئەڭ ياخشى نەرسىلەردىن بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ پاكتۇر، پەقەت پاكنىلا قوبۇل قىلىدۇ».

3. بېرىدىغانلىرىمىز ئالغۇچى كىشىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئەھۋالغا ماس بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، بىر نامرات ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ئاۋۋال تاماق يېگۈزۈشىمىز لازىم. قورسىقى تويغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قانداق پۇل تېپىش، ئۆزىنى قانداق كۈتۈشنى ئۆگىتىپ قويساق بولىدۇ. بىر كىچىك بالىغا ساخاۋەت قىلىدىم دەپ قورال بەرسەك، ئۆزىنى يا باشقىلارنى يارىلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ناۋادا قورالنى ئەسكەرگە ئىئانە قىلساق، ئۇ شۇ قورال ئارقىلىق يۇرتنى ۋە پۇقرالارنى قوغدىشى مۇمكىن...

خەير - ساخاۋەتلىرىمىز ۋە ئاتا - ئېھسانلىرىمىزغا مىننەت ۋە ئازار - ئەزىيەتنى ئەگەشتۇرمەسلىكىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى(نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.» [1]

---

[1] دوكتۇر شادى سەبرى قەلەمىدىكى "قوانين الحياة – القوانين الخمسة للحياة الإحترافية" (ھايات قانۇنىيەتلىرى - قالتىس ياشاشنىڭ بەش يولى) ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى. كىتابنىڭ تولۇق نۇسخىسى يېقىندا نەشردىن چىقىدۇ. ئىنشائاللاھ (ت)



# ئىنسان قانداق مەخلۇق

تاھىرجان ئابباس

ئىنسان يۈكسەك ئاڭغا ئىگە، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى چەكسىز، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ھەۋىسى كۈچلۈك ئالاھىدە بىر مەخلۇق. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئەبەدىيلىككە بولغان تەشنالىقى تېخىمۇ چەكسىزدۇر. شۇڭا ئۇ ھاياتىدا قانچىلىك ئېغىر بەدەل تۆلىسىمۇ، ياشاشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىدىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدۇ. ئەبەدىيلىك تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىنتىلىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن ئىنسان، روھىي جەھەتتىن پىششىپ، مەنىۋىيىتىنى كۈچلەندۈرۈشكە سەل قارىماسلىقى كېرەك. ماددىيىتى مەنىۋىيىتى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەنلەرنىڭ كۆزىنى، دۇنيادا قارا تۇپراقتىن باشقا ھېچ نەرسە تويدۇرالمايدۇ. جىسمانىيىتىگە ئەسىر بولۇپ قالغانلارنىڭ كۈنى ھەرقانچە ھەشەمەتلىك ئايۋان ـ سارايلاردا ئۆتسىمۇ، ھەقىقەتتە زىندانىدىكىلەرنىڭ كۈنىدىن ھېچ پەرقلىق بولمايدۇ.

ئەسلىدە، ئىنسانىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، نېمىشقا كەلگەنلىكى ۋە نەگە كېتىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال قويۇش ھەم جاۋابى ئۈستىدە جىددىي ئىزدىنىپ، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇشتىن ئىبارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىشى كېرەك. گەرچە بۇ سوئاللار پەلسەپە تارىخىدا كونىراپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئىسلامىي نوقتىنى چىقىش قىلمىغان پەلسەپىچىلەرنىڭ زېھنىنى ھېلىھەم كاشىلا قىلىپ كەلمەكتە. چۈنكى، بۇ سوئاللار ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى، مەسئۇلىيىتىنى ۋە ئاقىۋىتىنى تونۇتۇپ، جاۋابىدا ئۇلۇھىيەت، رۇبۇبىيەت ۋە ئۇبۇدىيەتتىن ئىبارەت بىر ئىلاھلىق ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن نوقتىلىنىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ غەيرىي ئىسلام پەلسەپىچىلىرىنىڭ تولىسى، ھازىرغىچە بۇ نەتىجىگە يولۇقۇپ قېلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە.

كۆپىنچىمىز ئىنسان "تۇغۇلىدۇ، ياشايدۇ ۋە ئۆلىدۇ" دېگەن چۈشەنچە بىلەن، ئۇنىڭ ماددىي دۇنياسى ۋە روھىي ئالەمگە ئالاقىدار ئوتتۇرىغا قويۇلىشى كېرەك بولغان نۇرغۇن تەرەپلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەيمىز. بۇ نوقتىدا ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ئىنساننىڭ قانداق ياشىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىشىدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ ھايات ـ ماماتلىقى، ئۇ ئىنساننىڭ قانداق ياشىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەقىقەتنى جانابى ئاللاھ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: {سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى}①. مانا بۇ ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ھايات ـ ماماتلىقى، ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، دۇنيانى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت سىناقتىن ئۆتۈش ـ ئۆتمەسلىكىگە باغلىق. يەنى "ئاڭ، ئىرادە ۋە مەسئۇلىيەت" ئىگىسى پەقەت ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيانى گۈللەندۈرۈپ ئاۋات قىلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئامانەت ئىنسانغا بېرىلگەن. يەنە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان بۇ ئامانەتنى ئۆزى ئۈستىلەنگەن. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ، {شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى}② دېگەن. مانا بۇ ئايەتتىكى ئىنسان ئۈستىگە ئالغان ئامانەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇپەسسىر ئۆلىمالىرىمىز نۇرغۇن كۆز ـ قاراش ۋە چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى بىرسى بىرسىدىن گۈزەل ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە چۈشەنچىلەردۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسان ئۈستىگە ئالغان

---

① سۈرە مۇلك، 2 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەھزاب 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەزكۇر ئامانەتنىڭ دائىرىسى شۇ قەدەر كەڭكى، ھەتتا ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىگە ئامانەتتۇر. يەنى ئىنساننىڭ جېنى ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغاندۇر. شۇڭىمۇ ئىسلامدا باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش ھارام قىلىنغىنىدەك، ئۆز جېنىنى ھالاك قىلىشمۇ ھارام قىلىنغان.

ئەقىل بىر ئامانەتتۇر. چۈنكى ئۇ، ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ ۋە باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىنىڭ ئاساسلىق ھەم نۇقتىلىق ئامىلىدۇر. ئىنسان ئەقىل سايىسىدا ياخشىنى ياماندىن، پايدىنى زىياندىن، ھەقنى ناھەقتىن، گۈزەلنى سەتتىن ئايرىيالايدۇ. جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئەقىلنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى ئىنسانغا ئەسلىتىپ، بىر قانچە يەردە، {ئەقىل ئىشلەتمەمسىلەر؟}، {تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟} دېگەن. بۇ ئېيادىلەر ئىنساننى تەپەككۇرغا، تەۋەككۇلغا ۋە تەدەببۇرغا بۇيرۇيدۇ، ئىنساننىڭ يارىتىلىش غايىسىنى، نەدىن، نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ۋە نەگە كېتىدىغانلىقىنى ئويلىنىشقا، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ياشاشقا، شۇنداقلا كائىناتتىكى بارچە مەخلۇقاتلارغا ئىبرەت كۆزى ۋە تەپەككۇر زېھنى بىلەن قاراشقا ئۈندەيدۇ.

مال بىر ئامانەتتۇر. شەكسىزكى ئىنسان بۇ ئامانەتنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ. ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشكەنلىكىدىن باشلاپ، ھەتتا نېمىگە چىقىم قىلغانلىقىغا قەدەر سورىلىدۇ.

ئائىلە بىر ئامەتتۇر. ئائىلىنىڭ شان ـ شەرىپى، ھەق ـ ھوقۇقى ۋە ئار ـ نومۇسىنى قوغداش، ھەربىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ مەسئۇلىيىتى. بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي قىممەت قاراشلىرىغا باغلانغان ئۆرنەك بىر ئائىلە تەشكىل قىلىنىشى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ جاۋابكارلىقى تېخىمۇ ئېغىردۇر. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ئائىلەدۇر، ئائىلىنىڭ ئاساسى بولسا، ئاتا ـ ئانىدۇر. ئاتا ـ ئانىنىڭ دۇرۇست ۋە ساغلاملىقى ئىناق ئائىلە، ساغلام جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

دىن بىر ئامانەتتۇر. بۇ ئامانەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەممىدىن ئېغىر ۋە مۇقەددەستۇر. ئىلاھىي قانۇنلارنىڭ مەجمۇئەسى بولغان ئاخىرقى دىن، ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي قوغدىغۇچىسى ماھىيەتتە ئاللاھتۇر. بۇ ئېتىبار بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ قوغدىلىشقا مۇتلەق ئېھتىياجى يوقتۇر. بەلكى ئىنسانلار ئىسلام دىنى بىلەن ئۆزلىرىنى قوغداشقا مۇھتاجدۇر. چۈنكى ئىسلام

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

دىنى ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش غايىسىنىڭ ئاساسى، پەرۋەردىگارىغا بەندىچىلىك قىلىش يول خەرىتىسى ۋە ھايات نىزامىدۇر شۇڭلاشقا ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن ـ پىرىنسىپلىرىغا ئاتلىق رىئايە قىلىنىشى ۋە باشقىلارغا تەخىرسىز ھەم ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈلىشى زۆرۈردۇر. شۇ ۋەجىدىن ئىسلام دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن ئۈزاقلىشىش ۋە ئىسلام دىندىن بولمىغان نەرسىلەرنى "ئىبادەت" قاتارىدا دىنغا سىڭدۈرۋېلىش، ئامانەتنى زايا قىلىۋەتكەنلىك بولۇپ، جازاسى قاتتىق ۋە جاۋاپكارلىقى ئېغىردۇر.

بىلىم بىر ئامانەتتۇر. ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئاچقۇچى بىلىمدۇر. شەخسلەرنىڭ، مىللەتلەرنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قەد كۆتۈرۈپ يۈكسىلىشى، ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسىغا مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەققەت قۇرئان كەرىمدىكى، {بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟}[1] دېگەن ئايەتتە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ۋاقىت بىر ئامانەتتۇر. ئۇ فىزىكىلىق بولمىغان، ماھىيىتى سىرلىق بىر ئامانەت. ئۇ گەرچە سېكونتلار، سائەتلەر، ھەپتىلەر، يىللار ۋە ئەسىرلەر... دەپ ئىپادىلەنسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ رەڭگى، ھەجمى ۋە جىسمى بىزگە نامەلۇم. شۇڭا "زامان قانداق نەرسە؟" ياكى "بىز ۋاقىتنىڭ قايسى پېچىمىدا" دەپ سورالغىنىمىزدا، جاۋابىنى بېرىشتىن قىينىلىدىغان نوقتىمىزمۇ دەل شۇ بولسا كېرەك! «زامان بىر قىلىچقا ئوخشايدۇ. سەن ئۇنى كەسمىسەڭ (قەدىرلىمىسەڭ)، ئۇ سېنى كېسىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزدە، زاماننىڭ ماھىيىتى فىزىكىلىق قىياسلىما كۆرۈنىشىدە تەسەۋۋۇرىمىزغا يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. زاماننىڭ ماھىيىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز سېكۇنت، سائەت، ھەپتە، يىل ۋە ئەسىر... دېگەندەك ناملاردا ئىپادىلەنگەن زاماننىڭ ئارقىسىدا ئەمەس، بەلكى ئالدىدا مېڭىشىمىز، زامان ئېقىمىدا پۇچۇلىنىپ يۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆز كونترۇللۇقىمىزغا ئېلىشىمىز، شۇنداقلا ئىشىمىزنى زامانغا قاراپ ئەمەس، زاماننى ئىشىمىزغا قاراپ ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئەكسىچە بولغاندا "ئاھ!" ۋە "كاشكى..." لار بىلەن زامان ئېقىمىدا بۇغۇلۇپ، ھاياتىمىز نابۇت بولۇپ تۈگەيدۇ، خالاس.

نەسىل بىر ئامانەتتۇر. بۇ ئامانەت، بىر مىللەتنىڭ كېلىچىكىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ۋە نوقتىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە

---

[1] . زۇمەر سۈرىسى، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئامانەتتۇر. ئىنسانلار ئادەتتە "ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلار، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر" دېگەندەك گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىنكى ئىككى گۇرۇپپىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئالدىنقى ئىككى گۇرۇپ كىشىلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولىدۇ. ئەلبەتتە، بىز بۇ يەردە كۆزدە تۇتقان مەسئۇلىيەت، ياش ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆز مۇقەددەس دىنى، ئەزىز خەلقى ۋە ئۇلۇغ ئانا ۋەتىنىگە ۋاپادار ۋە پايدىلىق بولۇپ يېتىلىپ چىقىشى ئۈچۈن، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋىي زور ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ مەسئۇلىيىتىگە سەل قاراپ، زىممىسىدىكى ئامانىتىنى زايا قىلىۋەتسە، جانابى ئاللاھنىڭ: {ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ}[①] دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ، شۇنداقلا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىنى نابۇت قىلىدۇ. بۇ خىل يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىشنىڭ بىرىنچى ئاملى ئىلىم ـ مەرىپەتلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، دىنىي بۇرچ ۋە مىللىي روھقا ئىگە سادىق نەسىل يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

قىسقىسى، دىنىنىڭ، جانىنىڭ، ئەقلىنىڭ، نەسلىنىڭ، مالىنىڭ قوغدىلىشى پۈتۈن ساماۋىي دىنلاردا زۆرۈرىيەت قاتارىدىن بولغان ئالەمشۇمۇل قىممەت قاراشلار بولغاچقا، بۇلارنىڭ زايا بولۇپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئامىللارنىڭ يوقۇتۇلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتىدە دىنىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن دەۋەت ۋە جىھاد پەرز قىلىنغان؛ جانىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈش ھارام قىلىنغان؛ ئەقلىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىكلەر ھارام قىلىنغان؛ نەسىل ۋە ئائىلە شەرىپىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن، زىنا ۋە پاك ئاياللارغا تۆھمەت قىلىش ھارام قىلىنغان؛ مالىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن بولسا، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ھارام قىلىنغان.

سۆزىمىزنى قىسقارتىپ، خۇلاسىمىزنى يەكۈنلەيدىغان بولساق، دۇنيا ئىنس ۋە جىن تائىپىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بارلىق ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنس ۋە جىن بولسا، جانابى ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئەمما دۇنيانى

[①] سۈرە تەھرىم، 6 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسنى ئىنسان يالغۇز ئۆز ئۈستىگە ئالغان. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى، ئاڭ ـ تەپەككۇرى ۋە جۇزئىي ئىرادىسى بىلەن باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، پەرقلىق يارىتىلغان. ئىنساننىڭ باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە يارىتىلىشىنىڭ ھېكمىتى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىپادىسى بويىچە، ئاسمان، زېمىن ۋە تاغ كەبى بۈيۈك مەخلۇقاتلار جاۋاپكارلىقىدىن قورققان ئامانەتنى[1] ئۈستىگە ئالغانلىقىدا بولسا كېرەك.

ئىنسان بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۈستىلەنگەن. شۇنداق، ئىنسان ئۆزىگە ئەڭ قىيىن بولغىنىنى تاللىغان. ئايەتنىڭ ئىپادىسى بويىچە، ئىنساننىڭ بۇ تاللىشى مىجەزىدىكى ئالدىراڭغۇلۇق[2] ۋە جاھىللىقىدىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تاللاش ئۆزىنىڭ ئەركىن ئىرادىسى بىلەن بولغان. شۇڭا ئىنسان ئاللاھنىڭ ۋەدىسى، يەنى ئەجىلى كەلگەنگە قەدەر جاپا ـ مۇشەققەت ۋە مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە توختىماي ئىشلەپ، پائال ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇردۇر[3].

ئىنسانغا ۋەدە قىلىنغىنى جەننەت پاكى جەھەننەمدۇر. ئىنساننىڭ جەننەتلىك ياكى جەھەننەملىك بولۇشى، جاۋاپكارلىقنى ئۈستىگە ئالغان مەزكۇر ئامانەتكە ساھىبلىنىش ياكى زايا قىلىۋېتىشىغا باغلىق. دېمەككى، ئىنساننىڭ بۇ تاللىشى ئۇنى يا ئەبەدىي سائادەتمەنلىككە باشلايدۇ ياكى ئەبەدىي زىيانكارلىققا تاشلايدۇ.

گەرچە ئىنسان ئايەتنىڭ ئىپادىسى بويىچە ”ئاجىز، ئالدىراڭغۇ، ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغۇچى، جاھىل“ بىر بارلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، يەنىلا بۇ ئېغىر ئامانەتنىڭ ھامىيسى بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ سالاھىيەت ئىگىسىدۇر. دېگىنىمىزدەك، ئەقىل ئىگىسى ۋە ئىرادە ساھىبى بولغان بىردىنبىر مەخلۇق ئىنساندۇر. مەۋجۇدات ئالىمىنى ئىنسانغا ئامانەت قىلغان ياراتقۇچى بۈيۈك ئاللاھ

---

[1] {شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن نادانىدۇر [72]. (مەزكۇر ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۇناپىق ئەرلەرنى، مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى، مۇشرىك ئاياللارنى الله ئازابلايدۇ، (مەزكۇر ئامانەتكە رىئايە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارنى الله ئەپۇ قىلىدۇ، (الله مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر} (سۈرە ئەھزاب، 72 ـ 73 ـ ئايەتلەر).

[1] {ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان} (سۈرە ئەنبىيا، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

[3] {سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن} (سۈرە ھىجر، 99 ـ ئايەت).

ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر مەسئۇلىيەتنى يۈكلەپ قويۇپ تاشلاپ قويمىغان. بەلكى ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتاب نازىل قىلىپ، شەرىئەت بەلگىلەپ، بۇ ئامانەتنى قانداق قوغداش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. كائىنات ۋە كائىناتتىكى جانلىق ھەم جانسىز پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدە مۇتلەق قانۇن، ئىنچىكە نىزام، زىل قۇرۇلما ۋە مۇكەممەل سىستېمىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن[1]. شۇنىڭدەك ئىنسانغا ئۇلارنىڭ سىررىنى بىلىپ، ماھىيىتىنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلغان. شۇڭا كۈنىمىزدە ئىنسانلارنىڭ كۆك يۈزىدە ئۈزۈپ يۈرۈشى، پلانېت ۋە سەييارىلەرنىڭ سىررىنى بايقاپ، يېڭى - يېڭى كەشپىياتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشلىرى، پەقەت جانابى ئاللاھنىڭ شۇ ئىنسانغا ئاتا قىلغان قابىلىيەت ۋە ئىستېداتىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان. شۇ ۋەجىدىن ئىنساننىڭ ئەقلى قانچە تەرەققىي قىلسا، پەرۋەردىگارىنىڭ قۇدرەت ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكى شۇنچە نامايەن بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر سەنئەتكارنىڭ قىممىتى، سەنئەت ئەسىرىنىڭ قىممىتىگە قاراپ باھالىنىدۇ.

ئەمدى كائىنات ئالىمىگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، سەييارە — پلانېتلاردىن تاكى ئاتوم، ئېلېكترون ۋە رادىيوئاكتىپ مىكرو ماددىلارغىچە بولغان پۈتۈن شەيئىلەر، ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىش غايىسى ۋە ھېكمىتىدىن ئىبارەت ئىنسانغا خىزمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى، ئۆز قۇرۇلمىسىدىكى سىستېما بويىچە جارى قىلدۇرۇپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بىز ئىنسانلار ئۇ شەيئىلەردىن مۇناسىپ شەكىلدە پايدىلىنىپ، پەرۋەردىگارىمىزغا لايىقىدا ئىبادەت قىلىش ۋەزىپىمىزدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىمىز، ئۇلارغا ماسلاشماي نۇرغۇن جەھەتتە ئۇلارنىڭ قۇرۇلما - سىستېمىلىرىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، كائىناتتا ئېكىلوگىيىلىك تەرتىپ بۇزۇلۇپ، نۇرغۇن تەبىئى ئاپەتلەر يۈز بەردى. بۇ ھەققەت قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ: {ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن

[1] {ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى} (سۈرە ئىبراھىم 32 - 33 - ئايەتلەر).

www.uyghurkitap.com

دەپ، قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى.}①

ئىسلامدا ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى (يەنى ئۆزىدىكى قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر) كىتابىنى ياخشى ئوقۇشى، كائىنات كىتابىغا ئىبرەت نەزەرى بىلەن قارىشى②، قۇرئان كىتابىنىڭ پىرىنسىپى بويىچە هايات يولىنى توغرا تاللىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. كائىنات ئالىمى ئاللاھنىڭ چەكسىز ئىلمىنى ۋە تەڭداشسىز قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدىغان سۈزۈك ئەينەككە ئوخشايدۇ. بۇ ئەينەككە ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىغا نەزەر تاشلىغان ئىنسان، تاغ ـ داۋانلاردا ۋە بىپايان چۆللەردە ئەكس ئەتمىگەن قۇياشنىڭ يارقىن شولىسى، كىچىككىنە بىر ئەينەك پارچىسىدا ئەكس ئەتكىنىدەك، ماكان ۋە زاماندىن مۇنەززەھ بولغان جالالەتلىك ئاللاھنىڭ نۇرى ئەزەلىسىنىڭ قەلبىدە ئەكس ئەتكەنلىكىنى هېس قىلالايدۇ. يەنى ھەقىقىي مۇئمىننىڭ قەلبى جانابى ئاللاھنى تونۇشقا ئەڭ سەگەك، ئىنتايىن سەزگۈر ۋە سۈزۈك ئەينەك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. قەلبكە ”ئىلاھىي نەزەرگاھ“③ دېيىلىشىمۇ بۇ نوقتىنى ئاساس قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن، ئىنسان ئىنساپ تارازىسىدا لىللا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قۇرۇلما بىناسىغا نەزەر سالسا، كائىنات كىتابىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇسا، قۇرئان كىتابىنىڭ مەنە ۋە مەزمۇنىغا چوڭقۇر چۆكسە، ئۇنداق ئىنساننىڭ كۆڭۈل دۇنياسى كېڭىيىپ، ھېكمەت جەۋھەرلىرى كەشپ قىلىنىشقا باشلايدۇ ۋە پىكرىي پىلانىدا يەتمەكچى بولغان مۇددىئاسىغا يېتەلەيدۇ. ماددىيەت تۈگۈنلىرى يېشىلىپ، روھىيەت ئالىمىدە ئىمان ھەقىقەتلىرىنىڭ نۇرلۇق سىمالىرى جىلۋىلىنىشكە باشلايدۇ ۋە مەرىپەتۇللاھقا بولغان تەشنالىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ مۇھەببەتۇللاھقا ئېرىشىدۇ، نىھايەت ئەبەدىيەت ماكانىدا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك جامالۇللاھقا نائىل بولىدۇ.

ئىنساننىڭ جىسمى كىچىك بولسىمۇ، مەنىۋىي جەھەتتىن ئۇ بىر ئالەمدۇر. بۇ

---

① سۈرە رۇم، 41 ـ ئايەت.

② {ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان ـ زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ} (سۈرە فۇسسىلەت، 53 ـ ئايەت).

③ «جانابى ئاللاھ سىلەرنىڭ جىسمىڭلارغا ياكى سۈرىتىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن قەلبىڭلارغا قارايدۇ» (ئىمام مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

ھەقىقەت بەزى ئەھلى ھەقىقەت كىشىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇنداق ئىپادە قىلىنىدۇ: «ئىنسان كىچىك بىر ئالەم بولغىنىدەك، ئالەممۇ بۈيۈك بىر ئىنساندۇر». يەنى ئالەمدىكى پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ كىچىكلىتىلگەن نەمۇنىسى ئىنساندا تېپىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، ئىنساننىڭ روھى روھلار ئالىمىدىن، مېڭىسى لەۋھۇلمەھپۇزدىن خەۋەر بەرگىنىدەك، جىسمى تاغ ـ داۋانلارنى، ئېچكى ۋە تاشقى ئەزالىرىنىڭ ھەربىرى يەر شارىدىكى ئەشيا ۋە زاۋۇت ـ كارخانىلارنى تەمسىل قىلىدۇ.

ئىنسان مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە شەرەپلىكىدۇر. بۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدىكى، {شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن (ۋە پاك) يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق}[1] دېگەن ئايەت رۇشەن دالالەت قىلىدۇ. ئايەتنىڭ داۋامىدا، بۇ ئۇلۇغلۇققا نەمۇنە شەكلىدە ئىنسانغا بېرىلگەن ئىككى نېمەت بايان قىلىنىدۇ. بىرى، ئىنساننىڭ قۇرۇقلۇقتا ماڭغىنىدەك دېڭىزدا يۈرۈشى، يەنە بىرى، ئىنساننىڭ پاك ۋە تاتلىق نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرۇلىشىدۇر.

شۇنداق، ئات ۋە تۆگىگە ئوخشاش ھايۋانلار ئادەتتە ئىنساندىن چوڭ ۋە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنسانغا بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلىشى، ھەتتا نارسىدە بالىلار يېتىلىسىمۇ ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقى، دېڭىز ـ ئوكياندا ئۈزۈپ يۈرۈۋاتقان تاغدەك چوڭ قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ قاتناپ يۈرۈشى، ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن جانابى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ۋە يۈكسەك ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكىنى نامايەن قىلىدىغان ئالامەتلەردىندۇر.

ئىنساننىڭ پاكىز ۋە پاك نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرلۇشى ھەقىقەتەن كۆپ شۈكۈر قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئالاھىدە بىر ئىلاھىي ئېھساندۇر. يېشىل ئوت ـ چۆپ ياكى سېرىق سامان بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىنسانغا تەقدىم قىلىدىغىنى، سۈتكە ئوخشاش ساپ ئېچىملىك ۋە پايدىلىق ئوزۇقلۇقتۇر. توخۇنىڭ توخۇم قويۇشى، ھەرىنىڭ ھەسەل قۇسۇشى ھەم ئالاھىدە بىر ئىلاھىي ئىكرامىيەدۇر.

ئىنسان ۋۇجۇد ئېتىبارى بىلەن

[1] سۈرە ئىسرا 70 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاجىز[①] ۋە مۇھتاج[②] بىر مەخلۇقتۇر. شۇنداق، ئىنسانلا ئەمەس بارچە مەخلۇق ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا ۋە رىزىق ئاتا قىلىشىغا مۇھتاجدۇر. بولۇپمۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك يۇرتى ــ ئاخىرەت ئالەمگە تېخىمۇ مۇھتاجدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەسلى يۇرتى ئەبەدىيلىك ئاخىرەت ئالەمدۇر. مانا بۇنداق پېقىر ۋە مۇھتاج بىر مەخلۇقنىڭ مۇخاتىبى، جانابى ئاللاھنىڭ ئۆزىدۇر. ئىنساندەك ئاجىز ۋە مۇھتاج بىر مەخلۇققا نىسبەتەن، بۇ ئىنتايىن چوڭ ۋە ئۇلۇغ لۇتۇپتۇر. قارايدىغان بولساق، ئىنسانلار ئالەمدە ماقام ۋە مەرتىبە ئىگىلىرى تۈۋەن تەبىقىدىكىلەر بىلەن ئالدىراپ مۇخاتەب بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما جالالەتلىك ئاللاھ ئىنساننى ئۆزىگە خاس مۇخاتەب قىلىپ تاللىغاندۇر. قۇرئان كەرىمدىكى، ”ئى ئىنسانلار! ئى ئادەم باللىرى! ئى مۆمىنلەر!“ دېگەن خىتاپلار ئىنسانغا قارىتىلغان. دېمەك، ئىسلام نەزىرىيىسىدە ئىنسان ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بۇ بىپايان كائىنات ئالەمدە ياراتقان مىسلىسىز ۋە ئەڭ ئەنتەنىلىك سەنئەت ئەسىرىدۇر.

قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ بۇ ئۆزگىچىلىكىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ، {بىز ئىنساننى شەك ــ شۈبھىسىز ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتۇق}[③]. يەنى بىز ئىنساننى شەكلى چىرايلىق، قامىتى كېلىشكەن، ئاڭ سەۋىيەلىك، ئەقىل ــ ئىدراكلىق قىلىپ ياراتتۇق. شۇ ۋەجىدىن ئۇنى يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى[④]، يەنى دۇنيا سارىيىنىڭ سۇلتانى ۋە ئەبەدىيەت ئالەمنىڭ يېگانە نامزاتى قىلدۇق.

شۇڭلاشقا، ئىنسانغا ئىسلامى نوقتىدىن قارىمىغانلار ئىنساننىڭ بۇ ماھىيىتىنى كۆرەلمەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن بەزىلەر، ئىنساننى تەبىئەت ئاپىرىدە قىلغان دېسە، يەنە بەزىلەر، مايمۇندىن تەرەققىي قىلغان، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، ”ئىنساننىڭ دۇنيادا باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىپ، خۇشال ــ خۇرام ھايات كەچۈرۈشتىن باشقا غايىسى يوق“ دەپ بىلجىرلايدۇ. بۇ ئارقىلىق، ئىنساننى چارپايلاردەك قورساق بېقىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، ھېچقانداق بىر مەسئۇلىيىتى يوق مەخلۇق، دېگەن سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق سەۋىيەسىنى ھايۋانلاردىنمۇ ئۆتە پەسلىككە مەھكۇم قىلىدۇ. بۇنداق

[①] {ئىنسان ئاجىز يارىتىلدى} (سۈرە نىسا، 28 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

[②] {ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر، ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر} (سۈرە فاتىر، 15 ــ ئايەت).

[③] سۈرە تىن، 4 ــ ئايەت.

[④] سۈرە بەقەرە، 30 ــ ئايەت.

ئىنسانلارنىڭ مىسالى، قىممەت باھالىق جەۋھەرلەرنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان، چارچاشتىن باشقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىنالمايدىغان، بىچارە چارپايلارغا ئوخشايدۇ.①

دېمىسىمۇ، ھەقىقىي مەنىدە ئۆزلۈك ماھىيىتىنى كەشىپ قىلالمىغان ئىنسان، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قىممىتىنى قەدىرلىيەلمەيدۇ. ئىنسانلىقنى قەدىرلىيەلمىگەن ئىنسان، چوقۇمكى باشقا ئىنسانلارنى قەدىرلەشنى ئەسلا بىلمەيدۇ، ھەتتا زۇلۇم قىلىدۇ، خور كۆرىدۇ. شۇڭمۇ تارىختىن بېرى، ئىنسانلار ئالىمىدە ئىنسانلىققا يات بولغان زۇلۇم-ستەم ۋە ئاشقۇنلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈگىمەسلىكىمۇ، دەل مۇشۇ نوقتىغا مەركەزلىشىدۇ. چىنگىز ئايتماتوفنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ قىيىن بولغىنى، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقنى ساقلاپ قالالىشىدۇر».

توغرا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى توغرا تونۇپ قىلىپ، ئىنسانلىقنى ساقلاپ قالغان ئىنسان باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىپ ياشاش پىرىنسىپىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. ئاللاھتىن باشقىسىغا قۇل بولۇشقا رازى بولمايدۇ، ئۆزى ۋە باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا شەپقەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش بەدىلىگە باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلمايدۇ. ئەكسىچە ۋاپا قىلىدۇ. مەرھەمەت، مۇھەببەت، ئادالەت ۋە ساداقەت ساھىبى بولۇش بىر قابىلىيەت بولغىنىدەك ھەم بىر ئەھلىيەت ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. شۇنىڭدەك جانابى ئاللاھنىڭ، {شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر}② دېگەن ئايىتىنىڭ روھى بويىچە ياشاش پىرىنسىپىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ.

① {تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر (يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ بولىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ (يەنى پايدىلىق چوڭ - چوڭ كىتابلارنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان، چارچاشتىن باشقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىنالمايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ)، اﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! اﷲ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ} (جۇمۇئە سۈرىسى، 5 - ئايەت).

② سۈرە نىسا 58 - ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۆھبەتلىشىشمۇ بىر خىل سەنئەت



مۇھەممەدئىمىن ھاجىم

سۆھبەت ئىنسانلار ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دوستلۇق ئورنىتىش، مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا زادىلا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ئۇسۇل. ئۇ يۇقىرىسى خەلقئارالىق دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردىن باشلاپ، ئەڭ ئاددىيسى ئائىلە، خوشنىدارچىلىق، قۇدا ـ باجىلىق... قاتارلىق مۇناسىۋەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. سۆھبەت ئەلۋەتتە سۆزلەش ۋە ئاڭلاش، يېزىش ۋە ئوقۇش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. سالاھىيەتلىك سۆزلىگۈچى ۋە سالاھىيەتلىك ئاڭلىغۇچى؛ سالاھىيەتلىك يازغۇچى ۋە سالاھىيەتلىك ئوقۇرمەن سەنئەتلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر سۆھبەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىكى ئاساسلىق ئامىللار ھېسابلىنىدۇ.

سۆزلەش ۋە ئاڭلاش سۆھبەتتىكى ئاساسلىق ئىككى تۈۋرۈك ھېسابلانغانىكەن، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ساھىبلىرىغا مۇئەييەن شەرت ۋە تەلەپلەرنىڭ قويۇلىشى تەبىئىي. ھازىرغا قەدەر مەيلى ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر بولسۇن ياكى نۇتۇقشۇناسلار بولسۇن،

سۆز سەنئىتى توغرىسىدا كۆپ توختىلىپ كەلدى. ئىستىلىستىكا ۋە لوگىكىغا ئالاقىدار ئەسەرلەردە سۆز سەنئىتى ھەققىدە بىر قاتار قائىدىلەر ۋە مۇھىم بىلىملەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاڭلاش سەنئىتىگە بېرىلگەن ئەھمىيەت سۆزلەشكە بېرىلگەنچىلىك كۆپ بولمىدى. ۋاھالەنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئېغىز ۋە قۇلاقنى ئايرىم-ئايرىم ئىككى مەۋجۇتلۇق قىلىپ يارىتىشى؛ ئېغىزنى بىر، قۇلاقنى ئىككى قىلىشى ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن مەلۇم مەنىلەردىن بىشارەت بېرەتتى. ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىيە ″دەرتلەر داۋاسى″[①] ناملىق ئەسىرىدە كۆز، قۇلاق ۋە تىلنى ئىنساندىكى مۇھىم ئۈچ چىگرا (يەنى ئىنساننىڭ سائادىتى ياكى ھالاكىتىنىڭ كاپالەتچىلىرى) دەپ كۆرسەتكەنىدى.

چوقۇم باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە چۈشىنىش ماھارىتىمۇ خۇددى سۆزلەش سەنئىتىگە ئوخشاشلا ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلىلەردە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر خىل سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم ئادەملەر سۆزنى ناھايىتى ياراشتۇرۇپ، جايىدا قىلالىغان بىلەن ئاڭلاش ۋە چۈشىنىش جەھەتلەردە تازا يېتەرلىك قابىلىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئاڭلاش ۋە چۈشىنىش دېگىنىمىز نوقۇللا قۇلاق بىلەن ئاڭلاش ۋە گەپنىڭ لۇغەت مەنىسىنى چۈشىنىشنىلا كۆرسەتمەيدۇ.

ئالدىنقى ئەسىردە ۋە يېڭى ئەسىرنىڭ ئۆتكەن ئون نەچچە يىللىرىدا تىل ۋە مەدەنىيىتىمىزگە كەينى-كەينىدىن قىلىنغان ھۇجۇملار تەسىرىدە نۇرغۇن قولىيازمىلار ۋە ئېسىل كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بىزگە يىراق-يېقىندىن ھېچقانداق تۇتىشىش نۇقتىسى بولمىغان غەيرىي مەدەنىيەتلەر زورلاپ تېڭىلدى. بولۇپمۇ 90-يىللاردىن كېيىنكى سۇنئىي ھالدا تىزلەشتۈرۈلگەن ھايات رىتىملىرى بىزنى بوۋا-مومىلىرىمىزنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلايدىغان چۆچەك ۋە ئەپسانىلەر؛ مەدداھ-ۋائىزلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلايدىغان داستان، غەزەللەر؛ پېشقەدەملەرنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلايدىغان ئىبرەت-ئۆگۈتلەر؛ موللا-ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلايدىغان پاساھەتلىك ۋەز-تەبلىغلەردىن ئايرىپ تاشلىدى. گەرچە بۇ خىل يوقىتىشلار شۇ چاغدا دەماللىققا ھاياتىمىزغا بىۋاستە تەھدىت شەكىللەندۈرەلمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، ھازىرقى ئەمەلىي تۇرمۇشتا ۋە ئىجتىمائىي ئۈچۈر

[①] يېقىندا مەزكۇر ماقالە ئاپتورىنىڭ تەرجىمانلىقىدا نەشىردىن چىقتى.

ۋاستىلىرىدا مەزكۇر يوقىتىشلار قالدۇرۇپ كەتكەن زور بوشلۇقلار، شۇنداقلا پىشقەدەملەر بىلەن يېڭى ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن غايەت بىر هاڭ ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. بۇلارنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى شۇ بولدىكى، يېزىقچىلىق ۋە ياكى نۇتۇقتا بولسۇن، قوللىنىدىغان سۆز-ئىبارىلىرىمىز كۆپ ئاددىيلىشىپ كەتتى. تىلغا قايسى سۆز يېقىن بولسا، قايسى گەپ ئېغىزىمىزغا تېز كەلسە شۇنى قوللىنىدىغان بولدۇق. سۆز-ئىبارىلەردىكى بۇ قەدەر ئاددىيلىق ئەسەرلىرىمىز ياكى نوتۇقلىرىمىزنىڭ جەزبىدارلىقىنى ۋە لاتاپىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. قۇلاق ۋە قەلبلىرىمىزمۇ شۇنىڭغا يارىشا هورۇنلىشىپ كەتتىكى، سۆزلەردىن نە سەنئەت، نە سالاپەت، نە سېپتىلىق كۈتمەيدىغان؛ سۆزلەرنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مەنە ۋە ئىشارەتلەرنى قېدىرىپ بېقىشتىن ئېرىنىدىغان، غىل-پال بىر ئۇقۇملارنى ئىلغا قىلالىساقلا بوپتۇ دەيدىغان بولۇۋالدۇق. نەتىجىدە ئارىمىزدىكى يۇكسەك بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ بىر سائەتلىك سۆھبىتى بىلەن ئاددىي بىر ئاغىنىمىزنىڭ بىر سائەتلىك پارىڭىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان بولدۇق. كۆپ ئوقۇش، كۆپ ئۆگىنىش، كۆپ پىكىر يۇرگۈزۈش ۋە كۆپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق هاسىل بولىدىغان ئىلمىي ماهارەت ۋە سەنئەتلەرنى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىكى ئىككى-تۆت قۇرلۇق ئىنكاسلاردىن كۈتىدىغان بولۇۋالدۇق. پىكىرلىرىمىز تېرەنلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتىن يىراقتا قالدى. غىل-پال كاللىغا كەلگەننى پىكىر ۋە ئەقىل ئەلگىكىمىزدىن ئۆتكۈزمەيلا يايمىچىلاردەك كوچىلاردا ۋارقىراپ جاكارلاپ يۈرىدىغان بولۇۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇقۇمۇشلۇق ئىككى ئادەممۇ بىر-بىرىگە ئۆزىنى چۈشەندۈرەلمەيدىغان ۋە بىر-بىرىنى چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ”دىل-دىلنى چۈشەنسە تىلغا نە هاجەت“ دېگەننىكەن دانالىرىمىز. ئەمما هازىر دىللارنى چۈشىنىدىغان دىل تۇگۈل، ئوخشاش تىللىق، ئوخشاش قىسمەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىمۇ تىللارنى چۈشەنگۈدەك ئادەم تاپماقمۇ بەسى مۇشكۇل بولۇپ قالدى.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىكى تىزلىك ۋە قولايلىقلار بىزنى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ياكى سىياسىي هادىسىلەر ئۈستىدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يۈزمۇ-يۈز ئولتۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، مۇزاكىرە ۋە مۇلاھىزە قىلىش... قاتارلىقلاردىن مەھرۇم قويدى. ئەڭ تۇيغۇن، ئەڭ زەكىي

ھېسابلىنىدىغان كىشىلىرىمىزمۇ جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ۋەقە ۋە ھادىساتلارغا قارىتا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ھەمبەھرىلەش ئارقىلىقلا كۇپايىلىنىدىغان بولۇۋالدى. بۇ ھال يېزىق ۋە ئاۋازدىن باشقا يەنە مەنە ئىپادىلەيدىغان ۋاستىلارنىڭ بارلىقىنى كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈۋەتتى. سۈكۈتكە يوشۇرۇنغان ئەڭ پىنھان مەنە، نەچچە بەتلك ماقالىلار بلەن دوئىلغا چۈشكىدەك چراي ئىپادىلىر ھېچ قەدىرسزلا ئۇنتۇلدى. چوڭقۇر ھېكمەتكە توشاق سۈكۈت بلەن غاپىللارچە ھاڭۋاقتى سۈكۈت پەرقلەندۈرۈلمەس بولۇپ كەتتى. داستىخان ئېھتىياجى تۇغۇلمىسا پىكرىي ئىشتىھا، پىكرىي ھوزۇر ئۇچۇن بىر ئۇستەل ئەتراپىغا يىغىلىدىغان ئىشلار ئازلاپ كەتتى. بىر قانچە يىل ئىلگرى ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن سۆھبەت ئەسناسىدا "ئاھ... ئۇكام، ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭىزنى تۇيىدىغان ھېكمەتلىك قەلب بولمىسا، ئېغىزىڭىزدىن كۆپۈك ئاققىنى بىكاركەن" دېگەنىدى ئۇھسىنىپ.

دەرۋەقە ھەركىم ھەر خىل ئىسمىلار ئارقىسىدا چەكلىمىسىز مۇنازىرە قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا بىراۋنىڭ نەچچە زامان ئىزدىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان سەمەرلىرىنى؛ نەچچە ۋاقىت تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ يەكۈنلىگەن خۇلاسىلىرىنى ھېچ پەرۋاسىزلا قوش پۇتلاپ تېپىۋېتىدىغان، بىر تېيىنغا ئەرزان قىلىۋېتىدىغانلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان بولدى. تېخىمۇ غەلىتە يېرى شۇ بولدىكى، ئۆزى قەتئىي خەۋەردار بولمىغان بىر ساھەدە شۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن زاكۇنلىشىدىغان، ئۆز تىلىدىكى 32 ھەرپنى جايىدا تىزالمىغۇدەك ئىقتىدارى بولمىغانلارمۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى مۆتىۋەر بىر پەتىۋاغا قارىتا ئېتىراز يەتكۈزىدىغان، ھەتتا ئىنكار قىلىدىغانلار پەيدا بولدى. ئەلۋەتتە بۇنداق ئېتىرازلار ئۇچۇن ئۇلار شۇ پەتىۋانى قوللىغۇچىلار ۋە قوللىمىغۇچىلارنىڭ دەلىل ۋە پاكىتلىرىنى سېلىشتۇرالىغۇدەك، ئارىدىن ئەڭ كۈچلۈك بولغىنىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك سەۋىيەگە ئىگە بولۇشى، شۇ سەۋىيەگە ئىگە بولمىغان ئىكەن، ئىگە بولغانلارغا ئېھترام بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. يەنى ھەر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىگە قارىتا بىر سان بولۇشى، يەنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىنى توغرا مۆلچەرلىيەلىگۈدەك ئىقتىدار بولۇشى كېرەك ئىدى.

ھازىر ئىجتىمائىي ئۇچۇر سۇپىلىرىدا مۇنداق بىر ئەھۋال خىلى يۇقىرى

سالماقنى ئىگەللەيدۇ: بىرەر ساھەدىكى پىشقان بىر كەسىپ ئەھلى 10 ـ 15 بەتلىك بىر ماقالە ئارقىلىق مەلۇم بىر پىكرنى ياكى مەسىلىنى يورۇتقان بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ساھەدىن ھېچ خەۋەرسىز بىرى ئۆزى بىلگەنچە ئىككى قۇر ئىنكاس قايتۇرۇپ قويسا، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ھېلىقى ئىنكاسچى ئەركىن پىكىر قىلغۇچى، ھەقىقەتنىڭ ھامىيسى، قورقۇمسىز، ھەقنى جاكارلىغۇچى سۈپىتىدە چولپانغا ئايلىنىدۇ. نەچچە زامان ئىزدىنىپ بىر ماقالىنى تاماملىغان ھېلىقى مۇتەخەسسىس بولسا بىر تالاي كىشىلەرنىڭ تاپا ـ تەنە، مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا ھېلىقى ماقالىدىن بىر ـ ئىككى قۇر ئۈزۈندە ئېلىۋېلىپلا ماقالىنىڭ ئومۇمىي ئىدىيىسى بىلەن كارى يوق ماقالە ئاپتورىنى قارا قويۇق تەنقىد قىلغىلى تۇرىدۇ ۋە ئۇنى قارىلاپ يۈتۈنلەي قارشى سەپتىكى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ خىل ھالەتنىڭ ئەۋج ئېلىشى نۇرغۇنلىغان ئىلىم ۋە پىكىر ساھىبلىرىنىڭ بىلگەنلىرىنى ئاۋام بىلەن ئورتاقلىشىش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدۇ ـ دە، نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ماقالىلەرنىڭ يېزىلماسلىقىغا، مەنپەئەتلىك قەدەملەرنىڭ ئېلىنماسلىقىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، سۆھبەت ئۆز ماھىيىتىدە دىپلوماتىيە دېمەكتۇر. مەلۇم بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياكى ئۆز ئارا چۈشىنىشكە ئېلىپ بارمىغان سۆھبەت قۇرۇق پاراڭ ياكى غەيۋەت، نىزا سورۇنى بولىدۇ، خالاس. ئەقىللىق ئادەملەر بۇنداق سورۇنلاردىن يىراق تۇرمىقى زۆرۈر.

باشقىلار بىلەن سۆھبەت قۇرغاندا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. ئالدىمىزدىكى ئادەم پاراڭ قىلىۋاتقاندا يۈتۈنلەي بېرىلىپ تىڭشاپ، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىلىرى ۋە بەدەن تىلىغىچە چۈشىنىشكە تىرىشىش كېرەك. بۇنى سۆزلەۋاتقان كىشىگە ھېس قىلدۇرالىساق، سۆزلىگۈچىگە ئىشەنچ ۋە ئۈلپەت تۇيغۇسى ئاتا قىلالايمىز.

2. مەيلى بىز گەپ قىلىۋاتقان بولايلى ياكى ئاڭلاۋاتقان بولايلى، مۇناسىپ ھالدا كۈلۈمسىرەش، باش لىڭشىتىش، چايقاش... قاتارلىق ئىپادىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئالدىمىزدىكى كىشىنىڭ ياتسىراش ۋە ئەيمىنىش تۇيغۇسىنى پەسەيتىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”قېرىندىشىڭغا ئىللىق چىراي بىلەن ئۇچرىشىشقا چاغلىق ئازغىنە ياخشىلىقنىمۇ كىچىك سانىما“ دېگەندى.

3. سۆزنىڭ قىسقا، مېغىزلىق بولغىنى ياخشى. سائەتلەرچە توختىماي پاراڭ قىلىش ئارقىلىق، خۇددى يىغىن ئېچىۋاتقاندەك ياكى دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ قويماسلىق، بەلكى ئۆزئارا دىئالوگ ۋە مۇزاكىرە شەكلىدە پاراڭلىشىش كېرەك. مەشھۇر مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ: "سوئال ئەركەك، جاۋاب چىشى بولۇپ، ئۇلاردىن ئىككى ئوغۇل تۇغۇلىدۇ."① دېمەك، بىر تەرەپلا سۆزلەپ ئاخىرلاشتۇرغان سۆھبەتتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ.

4. گېپىمىزنى ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرى ۋە كەيپىياتىغا ئەھمىيەت بېرىش، قارشى تەرەپنىڭ يىغىرىغا تېگىدىغان گەپ-سۆزلەردىن ساقلىنىش كېرەك. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: "«مۇسۇلمان دېگەن تىلى ۋە قولى بىلەن باشقا مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان كىشىدۇر. مۆمىن دېگەن باشقىلارنىڭ جېنى ۋە مېلىغا زامىن بولمايدىغان كىشىدۇر»②.

5. باشقىلار گەپ قىلىۋاتقاندا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، ئاخىرىغىچە تىڭشاپ ئاندىن جاۋاب قايتۇرۇش. جاۋاب قايتۇرۇشتىمۇ پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ قاراشلىرىمىزنى بايان قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىش، ھە دېگەندە سۆھبەتداشىمىزنى خاتاغا چىقىرىش ياكى تەنبىھ بېرىشكە ئالدىرىماسلىق لازىم.

6. ناۋادا سۆھبەت بولۇۋاتقان سورۇنغا كېچىكىپ كەلگەن بولساق، بىۋاستە سۆز قېتىشقا ئالدىرىماستىن، ئاۋۋال تېمىنى چۈشىنىش، سورۇندىكىلەرنىڭ سەۋىيىسى ۋە سالاھىيىتىگە قارىتا كۆڭلىمىزدە سان تۇرغۇزۇۋېلىش، ئەگەر تېما مۇھىم بولۇپ، سۆز قېتىشقا توغرا كەلگەندە باشقىلار سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن تېمىنى چۈشەنگەن بولساق سۆز قېتىش، چۈشەنمىگەن بولساق، قىسقىچە تەكرارلاشنى تەلەپ قىلىپ ئاندىن سۆز قېتىشىمىز لازىم.

7. ھە دېسە باشقىلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى چاچماسلىق كېرەك. گەپكە تولا قوشۇق سالىدىغان، ھېچ زۆرۈرىيەتسىز ئورۇنلاردا باشقىلارغا تەنبىھ بېرىدىغانلار ناھايىتى ئاسانلا سورۇنداشلىرى ۋە دوست-بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

8. سۆھبەتكە قۇلاق سالماي ئولتۇرۇپ، گەپ تۈگىگەندە "نېمە دېدىلە، ھە قانداق بولدى؟" دېگەندەك سوئاللارنى سوراش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

① قۇتادغۇبىلىك 979-980-بېيىتلار

② تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانىي سەھىھ دېگەن.

9. سۆزلىگەندە سۆزنى ھەددىدىن زىيادە ياساپ زورۇقماستىن، سورۇندىكىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە سەۋىيىسىگە قارىتا سۆزلەش.

10. ئۆزىمىزنىڭ ساھەسى بولمىغان سورۇنلارغا قاتناشقاندا سۆز قىبتىشقا ئالدىرىماستىن، چۈشىنىشكە ۋە شۇ سۆھبەتتىن مەنپەئەتلىنىشكە بەكرەك دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا سورۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چۈشەنمىگەن تەرەپلەرنى ئايرىم سوراش كېرەك.

11. باشقىلارنىڭ سۆزىگە مەنسىتمەسلىك ئىپادىسى قوللانماسلىق (يەنى باشقىلار مەلۇم بىر قاراش ۋە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا "بۇ ئېنىق ئىشقۇ"، "ھەممە ئادەم بىلىدىغان گەپلەرغۇ"، "بۇنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق"... دېگەندەك ئىبارىلەرنى قوللانماسلىق).

12. بىر ئادەم سۆزلەۋاتقاندا تولا ئەسنىمەسلىك، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرماسلىق، تېلېفوندا تولا قارىماسلىق، سائەتكە تولا قارىماسلىق، مۈگدىمەسلىك.

13. ئۆزىمىز ئانچە تونۇشۇپ كەتمەيدىغان كىشىلەر بار سورۇندا گەپكە تولا چاقچاق ئارىلاشتۇرماسلىق، بىر قانچە كىشىنى قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىر ـ ئىككى ئادەم بىلەن خۇسۇسىي پاراڭلاشماسلىق.

14. سۆز قىلىۋاتقان ئادەم ناۋادا خاتا سۆزلەپ قويغان بولسا، ئاۋۋال شۇ ئادەمنىڭ نورمال ھالدا شۇ سۆزنىڭ خاتا ـ توغرىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بار ـ يوقلىقىغا قاراپ بېقىش، ناۋادا پەرقلەندۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە بولسا، ئايرىم ئەسكەرتىپ قويۇش، ناۋادا ھېلىقى خاتا سۆز شۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئاددىي ئۇقۇملار بولسا، بۇنى تىل خاتالىقى، ياكى ئىپادىلەش خاتالىقى دەپ قاراپ، تولا كۆزگە كىرىشىۋالماستىن تۇغرىلاپ چۈشىنىپ ئۆتۈپ كېتىش كېرەك.

15. ئەگەر سۆزلەۋاتقان كىشى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولمايلا قالسا، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى مۇمكىنقەدەر توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا تەرەپتىن تەھلىل قىلىش، ئانچىكى بىر تىل خاتالىقى سادىر بولغاندا، بىر، ئىككى كەلىمە سۆزگە ئېسىلىپ تۇرۇۋالماستىن، ئورتاق نۇقتىنى تېپىشقا كۈچەش لازىم.

16. ئەگەر سۆزلەۋاتقان كىشى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز سېپىدىكى كىشى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىش ۋە سۆزلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، يەتمەكچى بولغان نۇقتىسى، بىزگە بېرىۋاتقان شەپىسى... قاتارلىقلارنى چۈشىنىشكە تىرىشىشىمىز

كېرەك.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىز يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان سۆھبەت قائىدىلىرى پەقەت شۇ سۆھبەت سورۇنىنى مۇھىم دەپ قارىغان سۆھبەتداشلارغا قارىتىلغان. سورۇننى مۇھىم بىلىپ بارغان ئىكەنمىز، سورۇن ۋە سۆھبەت قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. ئەلۋەتتە بۇ قائىدىلەر كىشىلىك ساپايىمىزنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان كۆرسەتكۈچ سىرىلكا ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى قائىدىلەرلەرگە ئەمەل قىلغان ئاساستا باشقىلار بىلەن سۆھبەتداش ۋە سورۇنداش بولىدىغان بولساق، تەبىئىيكى ئالدىمىزدىكى كىشىگە ۋە ئۆزىمىزگە ئېھتىرام بىلدۈرگەن ۋە ھۆرمەت قىلغان بولىمىز. باشقىلارغا قىلىنغان ئېھتىرام ماھىيەتتە ئۆزىمىزگە قىلىنغان ئېھتىرامدۇر. باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا ھەر دائىم ھۆرمەت ۋە ئىشەنچنى ئاساس قىلىدىغان بولساق، ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۇتۇۋالالايمىز (يەنى ئۇلارنىڭ ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيمىز). ھېچكىمگە ئىشەنچ قىلالمىغان ۋە ھېچكىمگە ئىشەنچ بېغىشلىيالمىغانلارنىڭ ھاياتى ھەقىقەتەن مەرسىيەگە لايىق ھاياتتۇر. باشقىلار بىلەن "ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە" دەپلا مەقسەتلىك مۇئامىلە قىلىشقانلار تەبىئىيكى ئۇزۇنغا بارماي شاللىنىپ قالىدۇ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن ۋە دوستلۇقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ئىنسانلار ئۆزىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان، باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيە ۋە قاراشلىرىغا قارىتا مۇئامىلە قىلىدىغان تەبىئەتكە ئىگە. ناۋادا ئاڭلىغۇچىلار سۆزلىگۈچىگە ئەھمىيەت بەرمىسە ياكى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرسا، سۆزلىگۈچى ئۆزىنى ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالدا (يەنى بىئەتبار ئەھۋالدا) ھېس قىلىدۇ-دە، تەبىئىيلا ئالدىدىكى ئاڭلىغۇچىغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ئۆلپەت تۇيغۇسى يوقاپ كېتىدۇ. بۇ خىل ھالەت سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىدا ئوخشاشلا زېرىكىشلىك ۋە بىئاراملىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ناۋادا بىز ئۆزىمىزنى مۇھىم دەپ قارايدىكەنمىز، ئوخشاشلا سۆھبەتدىشىمىزغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنىڭغىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداقلا سۆھبەت پەقەتلا پىكىر ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۆرمەت ئالماشتۇرۇش، چۈشىنىش ۋە قەدىر-قىممەت ئالماشتۇرۇش سورۇنىغا ئايلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەر جەھەتتىن ئىنتايىن ياخشى ئۈلگە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا ھېچ كىشىنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپكەن ئەمەس. ھەتتا ئۆزى بىلەن قارشى سەپتىكىلەرنىڭمۇ گېپىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ ئاندىن چىرايلىق ئۇسۇلدا مۇناسىپ جاۋاپ قايتۇراتتى.

دانالار "ئىلىمنىڭ مۇقەددىمىسى ئاڭلاش" دېگەنىكەن. دەرھەقىقەت پسىخولوگىيە ئىلمى "باشقىلارنىڭ سۆزىنى جىممىدە تۇرۇپ تىڭشاۋاتقان ئادەمنىڭ ئەقلى ناھايىتى يۇقىرى سۈرئەتتە شۇ سۆزلەرنى ھەزىم قىلىۋاتقان ۋە شۇ ھەقتە قاراش شەكىللەندۈرۈۋاتقان بولىدۇ" دەپ قارىغان. شۇ سەۋەبتىن بەزى سۆزلەر سۆزلىگەن ئادەمدىن بەكرەك ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە "ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار) دېيىلگەن."[1]

ھەقىقەتەن ئىنسان تەبىئەت نۇقتىسىدىن ئۆزىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىنى ۋە باشقىلارنىڭ دىققەت نۇقتىسىغا ئايلىنىشنى ئىستەيدىغان خاھىشقا ئىگە، دەل مۇشۇ خاھىش ئادەمنى سۆكۈت ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن قۇلاق سېلىشتىن توسۇپ قويىدۇ (يەنى بىرەر سورۇندا ئولتۇرغاندا ئۆزىنى ئېسپاتلاش ئۈچۈن ۋە ئۆزىنىڭمۇ بىر نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ قالىدۇ). ئاقىل كىشىلەر بۇ خىل خاھىشقا يۈگەن سالالايدۇ. بۇلار سەۋرچان، تەمكىن ۋە ساپالىق دېگەن سۈپەتلەرگە لايىق كىشىلەردۇر. ھەدىس شەرىفتە بايان قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بۇنىڭغا ئىگە بول دېگەن، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ "تىلىمىزدىنمۇ سورىلىمىزمۇ؟!" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ۋاي ساڭا ئي مۇئاز، كىشىلەرنىڭ دوزاخقا تاشلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسە تىللىرى ئەمەسمۇ!؟" دېگەنىدى.[2]



[1] سۈرە ئەئراف 204-ئايەت

[2] تىرمىزىي رىۋايىتى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



# ئەزىزىم! بۇ دىگەنلىرىم ئامانەت

ئابدۇلئەھەد ھەقدار

ياخشىمۇ سىز ئەزىزىم!

... مەن خىزمەت، تىجارەت، سەپەر دەپ سىزدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، ئائىلىنىڭ بارلىق يۈكىنى ۋە سەبى باللىرىمنى بوينى قىسىق ھالەتتە سىزگە قالدۇرۇپ كەتتىم. مەن سىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم. بۇ ھىجرانلىق ئازابى مېنى بەكمۇ قىينىماقتا.

مېڭىش ئالدىدا سىزنىڭ ماڭا «سىز يىراق جايغا كىتىۋاتىسىز، قاچان كۆرۈششىمىز ئىنىق ئەمەس، بۇ بەدەللەرنىڭ ئورنىنى ھېچ نەرسە باسالمايدۇ، چوڭ نەتىجىلەر بىلەن قايتىشىڭىزنى ئۈمۈت قىلىمەن، مەندىن ۋە بالىلاردىن ئارتۇق غەم يىمەڭ، بىزگە ھەممىنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللا ئۆزى ئىگە، بۇگۈنى بار ئادەم ئەتىسى يوق دۇنيا ئىكەن بۇ، مەندىن رازى بولۇڭ...» دەپ كۆز ياشلىرىڭىزنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئوزۇتۇپ قويغاندىكى سىمايىڭىز كۆز ئالدىمدىن پەقەت كەتمەيدۇ.

بالىلىرىمىزنىڭ ئىككى پۈتۈمغا ئېسىلىپ «دادا ،كەتمە!...جېنىم دادا...

www.uyghurkitap.com

بىزنى تاشلاپ كەتمىگەن بولامدۇ؟ ...بىزمۇ بارىمىز!!!...›› دەپ يالۋۇرۇپ يىغلىغان ئاۋازلىرى ھېلىھەم قولاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرماقتا. ئۆيلىمەي دىسەممۇ ئىختىيارىم ئەمەس، كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم. بەزىدە قانىتىم بولسىچۇ كاشكى... دەپ كېتىمەن. يەنە بەزىدە ئىشلارنى شۇ پېتى تاشلاپلا قايتقۇم كېلىدۇ. مەسئۇلىيەت سەۋىبىدىن چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ تۇرۇپ قالىمەن ۋە سىزنىڭ ‹‹چوڭ نەتىجىلەر بىلەن›› دىگەن سۆزلىرىڭىز ماڭا ئالاھىدە ئىلھام بولماقتا، ھەم چوڭقۇر ئۈمىد بېغىشلىماقتا .

مەن بۇ قېتىم سىزگە بولغان قەلب سۆزلىرىمنى ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن ئىزھار قىلىپ ئامانەت سۈپىتىدە يوللىماقچى، بۇ ئامانەتلەر ئىنتايىن قىممەتلىك چوقۇم ياخشى ساقلاڭ، بۇ ئامانەتلەرگە رىئايە قىلىش سىز قىلالايدىغان ۋە رازىمەنلىك بىلەن قىلىسىڭىز ئاخىرى چەكسىز سۆيۈنۈپ قالىدىغان كۆپراق قىلغان بولساڭچۇ...! دەپ قالىدىغان ئىشلاردۇر.

دىنىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئادەملەر ئويلىغاندەك خۇراپاتلىق، ئايالار ئەركىنلىگى دەپ جار سېلىۋاتقانلار ئويلىغاندەك قالاقلىق، مەسئۇلىيەتسىز ئەرلەر ئويلىغاندەك ئارتۇقچە، چۈشەنمىگەن ئايالار ئويلىغاندەك ئورۇنسىز ئىشلار بولماستىن، ھەر بىر موسۇلمان ئايال ئۈچۈن مۇھىم ۋە پەزىلەت بولغان ئىبادەتتۇر.

شۇنداقلا ئايال كىشىنىڭ نىيىتىنىمۇ، قەلبىنىمۇ، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىمۇ يولدىشىغىلا باغلاپ، سۆيگۈسىنى، نازاكىتىنى، جەلپكارلىغىنى، جەزبىدارلىقىنى، قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان ئەمەللەردۇر. ئەركىشىنىڭ مايىللىقىنى قوزغاپ، قايىللىقىنى ئاشۇرۇپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئائىلىنىڭ بەختى، جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتى، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى، ھەققانىيەت ئۈچۈن رىقابەتلىشەلەيدىغان مەيدانى ئېنىق ۋە ئىرادىلىك ئەرلەردىن قىلىدىغان سىرلىق مەنبەلەردۇر.

بۇ ئامانەتلەرنى جايىدا ساقلىغان ئايال كىشىنىڭ يولدىشىغا بولغان تەسىرى ‹‹ئەرنى ئەر قىلغانمۇ يەر قىلغانمۇ خوتۇن›› دېگەندەك ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بۇ ئىشلار دەۋرىمىزدە ئاددىي، ئۇششاق ئىشلار قاتارىدا سانىلىپ، سەل قارىلىۋاتقان بولغاچقا جەمئىيىتىمىز ماددىي تەرەپتىن خېلى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ قىممەت قاراش، ۋىجدان، غۇرۇر، ئادىمىلىك دىگەندەك مەنىۋى تەرەپلەردىن كۆنسىرى چېكىنمەكتە.

قەدىرلىكىم بۇلارنى دىيىشىم ھەرگىزمۇ سىزگە ئىشەنمىگەنلىگىمدىن ئەمەس، بەلكى مىنىڭ ئەرلىك بۇرچۇم، ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلگىنىم،

ئەۋلاتلىرىمىزغا كۆيۈنگىنىم دەپ قارىغانلىقىمدىن، ھەم سىزنى ھەقىقىي سۆيگەنلىگىمدىندۇر.

دىمەكچى بولغانلىرىم: يېنىڭلاردا مەن يوق بەزى ئىشلارنى مېنىڭ ئورنۇمدا سىرتقا چىقىپ سىز قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىسىز. بەزىدە سودا ـ سېتىق، ئىش بىجىرىش جەريانىدا يات ئەرلەر بىلەن پاراڭلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ياراتقان خۇداسى ، قىلغاننىڭ جازاسى، ئۆلۈمنىڭ مەنىسى يوقتەك بىخۇد ياشىماقتا. ۋىجدانسىز، دەللال ئەرلەر كۆپىيىپ كەتتى.

ئۆيدە مەن ئۇچۇن قانچە ئىسىل كىيىنسىڭىز، ياسانسىڭىز مەن شۇنچە ياخشى كۆرىمەن ۋە قوللايمەن. ئەمما سىرتقا باشقىلارنى جەلىپ قىلىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، ياسىنىپ چىقماڭ. ۋىجدان، غۇرۇرۇم سىزدىن ھارام كۆزلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ. سىرتقا چىققاندا ئۆيدىكىلەر ياكى باللارنىڭ بىرەرسىنى ھەمراھ قىلىۋېلىڭ، مەھرەم ئىنتايىن مۇھىم.

ھەرقانداق يات ئەرگە تىكىلىپ قارىماڭ، بەك ئوچۇق چىراي بولۇپ كەتمەڭ. خاتا چۈشەنچىدىن ساقلانماق تەس. ئاۋاز ـ ھەرىكەتلىرىڭىزنىڭ يامان تەسىر بېرىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ. ھەرقانداق يات ئەرنىڭ توغرا بولمىغان، مۇناسىۋەتسىز بولغان گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭ. ئىشارەت، ۋاستىللىرىگە پەرۋا قىلماڭ. توغرا بولمىغان ھالەتتە تېلفۇن نومۇرى، ئۈندىدار، ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىللىرىنى بېرىش، ئېلىش، تېلفۇن، ئۇچۇرنى قوبۇل قىلىش، ياكى توردا پاراڭلىشىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭ. مەن سىزگە قەتئىي ئىشىنىمەن. شۇنداقتىمۇ ھىلە ـ مىكىرلەرگە ئالدىنىپ قېلىش، قەستكە ئۇچراپ كىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاخىرى پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئېھتىيات، مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇڭ.

ياخشى ئايال دوسلىرىڭىز بىلەن ئارىلاشسىڭىز بولىدۇ. ئەمما غەيۋەت ـ شىكايەت، پىتنە ـ پاسات، پايدىسىز سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇڭ. بۇ يامانلىقنىڭ تارقىلىشى ۋە تۈگىمەس دەرتكە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشنىڭ يولىدۇر. ئەخلاقسىز، تەربىيەسىز ئاياللار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماڭ. يولدىشىغا خىيانەت قىلىدىغان، مەسۇم قىز ـ ئاياللارغا كېسەل يۇقتۇرىدىغان، ئەڭ ئېغىر جىنايەتچى دەللال، نومۇسسىز، ھېقىر كىشىلەر شۇلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ.

ئاللا ئەڭ ياخشى سىرداشتۇر. ئۇنىڭ دېگەنلىرى دەردىمىزگە ھەقىقىي داۋا بولىدۇ. سىز يالغۇز ئەمەس، مەن داۋاملىق سىزنى ئويلاش، ئەسلەش بىلەن بىللە. مەن سىزنىڭ جىسمىڭىزنىمۇ، روھىڭىزنىمۇ،

www.uyghurkitap.com

ھاياتىڭىزنىمۇ، ماماتىڭىزنىمۇ ماڭىلا خاس دەپ قارايمەن. مەن سىزنى قوغداش ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان، جېنىمنى پىدا قىلىشقا رازىمەن.

– ئېست بەزى يالغانچى ئەرلەرگە... ئاياللىرىنى مەن سىنى ئونداق سۆيىمەن، مۇنداق ياخشى كۆرىمەن، سەن ئۈچۈن ئۆلىمەن دەپ ئالدايدىغان، ئەمما باشقا ئەركەكلەردىن كۈنلىمەيدىغان، ئۇلارنىڭ يامان كۆزلىرىدىن قاچۇرمايدىغان، ناچار قىلىقلىرىدىن قوغدىمايدىغان، ھەتتا شىرىك پايدىلىنىدىغان...

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقان ئادەم، ئايالىنى نامەھرەمدىن كۈنلىمىگەن دەييۇس ئەر، ئەر كىشىگە ئوخشىۋالغان ئايال ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ».

ھەرقانداق يامان ئوي، سۆز-ھەرىكەتتىن ساقلىنىڭ. ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ نازارەت قىلىپ، پەرىشتىلەرنىڭ خاتىرلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەتراپىڭىزدىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ ھەتتا ئۆز ئەزالىرىڭىزنىڭمۇ قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى بولىدىغانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇڭ.

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى رازى بولمايدىغان ئىشقا مەنمۇ رازى بولمايمەن. ئاللاھنى رازى قىلالمىغان، يولدىشىنى نارازى قىلغان ئايال قانداقمۇ نىجات تاپالىسۇن...؟ ۋە قانداقمۇ دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختلىك بولالىسۇن...؟

خىياللىرىڭىز چېچىلىپ، ئىرادىڭىز بوشىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق يامان ۋەسۋەسىگە، يامان تەسىرگە دەسلىۋىدىلا ئورۇن بەرمەڭ. ئەگەر خىيالىڭىز چېچىلىپ كەتسە ئويلىماسلىققا، ئۇنتۇپ كېتىشكە، دەرھال دىققىتىڭىزنى باشقا ياققا بۇراپ، ئورۇن يۆتكەپ، تاھارەت ئېلىش، ناماز ئوقۇش، دۇئا قىلىش ئارقىلىق قۇتۇلۇشقا تىرىشىڭ. شەيتان ئەگەشمىگەن ئادەمنى ھەرگىز ئازدۇرالمايدۇ. -لايىغا يېتىپ قالماسلىقنىڭ چارىسى قەدەمنى باسماسلىق.

كىتاب ئوقۇشتىن توختاپ قالماڭ. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىقمۇ خالىغان بىلىملەرنى ئىگەللىگىلى، دونيادىكى داڭلىق ئالىملەردەك يېتىشىپ چىققىلى بولىدۇ. كىتاب بىلىم بۇلىقى، بىلىم قەلبىنىڭ نۇرى، ئەقلىنىڭ چىرىغى دىمەكتۇر. لېۋ تولستوي: «ياخشى كىتاب ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن. مەن سىزنىڭ كىتابخۇمار ئادىتىڭىزدىن، ياخشى كىتابلارنى تەكرار ئوقۇش روھىڭىزدىن تولىمۇ سۆيىنىمەن. سىز كىتاب ئوقۇپ بەرسىڭىز بالىلىرىمىزمۇ ئۆگىنىدۇ. كىتاب ئوقۇش بولسا سەۋىيەلىك ئادەم بولۇش، ساپالىق ئائىلە قۇرۇش، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش، روناق تاپقان مىللەتكە ئايلىنىشنىڭ ئاساسى قورالى.

سىز داۋاملىق مەن ياراملىق خوتۇن، تۆھپىكار ئانا، ئىخلاسمەن بەندە، ئۇلۇغ ئادەم بولىشىم كېرەك دەپ ئۆزىڭىزگە سۆزلەپ تۇرۇڭ. كۈندىلىك، ھەپتىلىك، ئايلىق، يىللىق، ئۆمۈرلۈك پىلانلارنى تۈزۈپ ھەر بىر ئىشنى ئامال بار ۋاقتىدا، جايىدا ئورۇنلاشقا تىرىشىڭ.

باللىرىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىۋى تەرەپتىن تەڭ ئۇزۇۋقلىنىشىغا، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ساپالىق تەربىيەلىنىشىگە بەك ئەھمىيەت بېرىڭ. ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى، ئائىلە باللارنىڭ تۇنجى مەكتىپىدۇر. بىنانىڭ مۇستەھكەملىكى ئۇل تېشىغا باغلىق بولغاندەك باللارنىڭ كەلگۈسى مۇۋەپپەقىيىتى كىچىكىدىن باشلاپ كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە باغلىق بولىدۇ. قايسى بىر ئۇستاز «ئايال كىشىنىڭ ئۆيىدە تەربىيەلەيدىغان بالىسى بار تۇرۇپ سىرتلاردا ئىشلەپ يۈرىشى يا مەنىۋى يا ماددىۋى موھتاجلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ بەك توغرا ئېيتقان ئىكەن. مەن سىزدىن سىرتتا ئىشلەپ ئۆيگە بىرەر نەرسە ئېلىپ كىلىشىڭىزنىمۇ خالىمايمەن، ھەم سىزنى موھتاجمۇ قىلمايمەن. ئائىلىدە مىنىڭ نىشانىم ۋە مەسئۇلىيىتىم ھالال رىزىق ئارقىلىق سىز بىلەن باللارنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش، سىلەرگە ياخشى يىتەكچى بولۇش، سىلەرنى بۇدۇنيادا بەختلىك قىلىش، ئۇ دۇنيادا دوزاخ ئۇتىدىن ساقلاپ قېلىش.، سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز بارنى جايىدا ئىشلىتىپ ئۆيىنى ياخشى تۇتۇش، باللار بىلەن ماڭا يارەمچى بولۇش ئارقىلىق ئاللانى رازى قىلىش بولسۇن. ئاندىن بىز بەختلىك ئەر ـ ئايال، بەختلىك ئاتا ـ ئانا، بەختلىك كىشىلەردىن بولالايمىز.

ئاخىردا دەيدىغىنىم، بىلىمەن سىزگە ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. باللىرىمىزنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، ئۆيدىكى چوڭلارغىمۇ كۆپ جاپا بولدى. ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بار. سىلەرنىڭ سەۋر قىلىشىڭلارنى، توغرا چۈشىنىشىڭلارنى، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ساقلىشىڭلارنى، ئىشەنچ بىلەن ياشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز ئاللا خالىسا پات ئارىدا ئۇچرىشىمىز. مەن سىزدەك بىر ئىخلاسمەن، ۋاپادار، ئىسىل ئايالىمنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن.

ئاللا ئەجرىڭلارنى بەرسۇن، ھەم مىنى، سىزنى ۋە ئەۋلاتلىرىمىزنى ئىپپەتلىك، ساداقەتمەن، تىرىشچان، تۆھپىكار، بەختلىك كىشىلەردىن قىلغاي...!

خەير، سىزگە ۋە باللىرىمىزغا خاتىرجەملىك ھەم ئامانلىق تىلەپ... ئۆمۈرلۈك يولدىشىڭىز...

www.uyghurkitap.com




ئابدۇلخەبىر داموللاھاجىم ھىندىستاندىكى دىيۇبەند (دارىلئۇلۇم) بىلىمگاھىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئاندىن ۋەتەنگە قايتىپ بېرىپ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ كۆرەش سېپىگە قېتىلغان، كېرىيەدە ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرغان، ئىنقىلاب مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ، پادىشاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلى بولغان، كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېتىپ خىتاينىڭ تۈرمىسىگە چۈشكەن ۋە 1971 ـ يىلى تۈرمىدە شېھىت قىلىنغان ئوت يۈرەك مۇھاجىر، كاتتا ئۆلىمادۇر.

داموللاھاجىمنىڭ ھاياتىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە باسقۇچقا يىغىنچاقلاپ چۈشۈنۈش مۇمكىن:

1. ئۆسۈپ يېتىلىش، ۋەتەندە بىلىم ئېلىش باسقۇچى ۋەتەندىكى

ئۇستازلىرى.

2. چەتئەلدە ئوقۇش باسقۇچى ۋە ئۇستازلىرى.

3. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىملىق ۋەتەنگە قايتىشى، مۇدەررىسلىكى ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى.

4. ئىنقىلابتىن كېيىنكى چەتئەلگە 2-ھىجرىتى ۋە چەتئەلدىكى ئىلمىي ھاياتى.

5. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىنكى ئىلمىي، سىياسىي ھاياتى ۋە شېھىت بولۇشى.

دامولاھاجىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋەتەندە بىلىم ئېلىش باسقۇچى ۋەتەندىكى ئۇستازلىرى

ئابدۇلخەبىر دامولاھاجىم 1900-يىلى توخسۇن ناھىيە بوستان يېزا خاتىپ كارىز مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ئاتا-ئانىسى خالىس نىيەتلىك، تەقۋا كىشىلەر بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا بالىسىنى دىنىي ئالىم قىلىشقا بەل باغلىغان.

يەتتە ياشتا مەھەللىدىكى يەرلىك مەكتەپكە كىرىدۇ. 12 ياشقا كىرگەن يىلى توخسۇندىكى مەشھۇر مەدرىس بوستان مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ، مەدرىستە ئوقۇش جەريانىدا، زېرەكلىكى، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۇستازلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، سەرف، نەھۋى، بالاغەت بىلىملىرىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ زىرەكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن مەدرىستىكى چوڭ ئۇستاز زاھىد قازى ئالدىدا بىر قوللۇق تەربىلىنىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

## دامولاھاجىمنىڭ ئۇستازى زاھىد قازى

ئۇستازنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ كىشى بۇخارادا 8 يىللىق ئوقۇشىنى تاماملاپ شاھادەت ئالغان، يەنە شام ۋە پەلەستىن رايونلىرىغا كېلىپ، مەشھۇر ئۇستازلاردىن تەفسىر، ھەدىس ئىلىملىرىدە تېخىمۇ چۇڭقۇر بىلىم ئاشۇرۇپ، ئۇ يەردىمۇ ئۇستازلاردا ئوقۇغان مەخسۇس ئىلىملىرىدە ئىجازەتنامە ئالغان، (بۇ ئۇستاز سابىت دامولامدىن پىشقەدەم بولۇپ، بۇخارانى پۈتتۈرۈپ شامغا ماڭغاندا، سابىت دامولامنىڭ بۇخارادا قالغانلىقى مەلۇم)، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، توخسۇن بوستان مەدرىسىنى ئىلمىي مەركەز قىلىپ مەدرىسىنى گۈللەندۈرگەن، تۇرپاندىن، كورلا ۋە قەشقەرغىچە بولغان ئارىلىقلاردىن نەچچە يۈزلىگەن تالىپلار بۇ يەرگە جەم بولغان، ئۆزى مول ئىلمىي تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، خەلق ئىچىگە چوڭقۇر چۆككەن، ئەمەلىي تەجرىبىگە باي، پەتىۋا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، خەلق ئىچىدە زاھىت قازى نامى بىلەن ئاتالغان كىشىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئابدۇلخەبىر داموللامنىڭ چەتئەلدىكى ئوقۇش باسقۇچى ۋە ئۇستازلىرى

ئابدۇلخەبىر داموللام بۇ ئۇستازىنىڭ يېنىدا تاكى 23 ياشقىچە ئىلىم ئېلىپ، دەرس تۈگىتىپ ئۇستازىدىن شاھادەت ئالىدۇ، ئىلىمگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن، چەتئەللەردە ئىلىم ئاشۇرۇش، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئىستىفادە ئېلىش ئىستىكىدە بولىدۇ، ئۇستازلىرىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ھىندىستاندىكى دىيوبەند (دارۇلئۇلۇم) بىلىمگاھىغا بېرىشنى قارار قىلىدۇ.

1923-يىلى باشلىرىدا ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئىلىم سەپىرى جەريانىدا، قەشقەر خانلىق مەدرىسە ۋەساقى مەدرىسەلەرنى زىيارەت قىلغاچ بەزى دەرسلىرىگە داخىل بولۇپ، يەنە سەپىرىنى داۋام قىلىدۇ.

سەپەر جەريانىدا ئەرەبچە شېئىر يازغاچ ماڭىدۇ، شېئىردىن 20 كۇپلىتنى يېڭىسادىكى ئۆزى قونغان مەسچىتنىڭ تېمىغا يېزىپ قويىدۇ، بۇ شېئىر تاكى 1955-يىلغىچە شۇ يەدە بار بولۇپ، بۇنى 1955-يىلى يازدا كىرىيەلىك مەتتوختى ئاخۇنۇم قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغدا، خانلىق مەدرىسە ۋە ساقى مەدرىسە تالىپلىرى بىلەن يازلىق دەم ئېلىشقا چىققاندا، مەزكۇر مەسچىتنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا تالىپلار بىلەن بۇ شېئىرنى ئوقۇغان بولۇپ، شېئىرنى بىر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ يازغىنىنى بىلىپ، بۇنچە ئەرەب تىلى قۇۋۋىتى، پاساھىتى، ئىلمىيلىكى بىلەن قەيەرگە ئىلىم تەلەپ قىلىپ ماڭغاندۇ، دەپ ھەيران قېلىشقانلىقىنى ئېيتىدۇ.

## ئابدۇلخەبىر داموللامنىڭ چەتئەلدىكى ئۇستازلىرى

داموللام دىيوبەندتە تىرىشچانلىق بىلەن 6 يىلدا دىيوبەندتىكى ئوقۇشنى تاماملاپ، يۇقىرى باھا بىلەن ئۇستازلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ.

داموللام دۇنياغا مەشھۇر ئۇستازلاردىن دەرس ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان بولۇپ، مۇفەسسىر، مۇھەددىس ۋە فەقىھ ئۇستازلاردا ئوقۇغان.

1. ئەنۋەر شاھ كەشمىرى (فەيزۇل بارى -شەرھى سەھىھۇل بۇخارىي) ۋە (ئەرىف شەزىي شەرھى تىرمىزى) نىڭ مۇئەللىپى.

2. خەلىل ئەھمەد ساھىب ساھارانفوى «بەزھۇل مەجھۇد» (ئەبۇ داۋۇدنىڭ ھەدىس توپلىمى شەرھىنىڭ مۇئەللىپى)

3. شەببىرى ئەھمەد ساھىب «فەتھۇل مۇلھىم» (سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھى)نىڭ مۇئەللىپى.

يۇقىرىدىكى ئۇستازلاردا ھەدىستىن

بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزىلەرنى تاماملىغان ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىن ئىستىلاھ ئالغان. تەفسىردىن ئىبنى كەسىر، تەبەرى ، بەيزاۋىيلەرنى تولۇق تاماملىغان. مەنتىق، ئۇسۇل ۋە باشقا پەنلەرنى مۇكەممەل شەكىلدە ئوقۇپ ئىزنى ئالغان. فىقھى ئىلمىدىن تۆت مەزھەپ فىقھىسىنى ئىگەللىگەن بولۇپ، ئۆتكۈرلىكى بىلەن ئۇ يەردىمۇ ئۇستازلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

دارۇلئۇلۇمدا ئوقۇلۇۋاتقان دەرسلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يۇقىرى نەتىجە بىلەن تاماملاش جەريانىدا ئۇستاز ئەنۋەر شاھنىڭ مەسچىتىدە ئىماملىق قىلغاچ، ئەنۋەر شاھ كەشمىرىدىن باشقا تالىپلارغا قارىغاندا پەرقلىق شەكىلدە پايدىلانغان.

دارۇلئۇلۇمنى پۈتتۈرگەن چاغدا ئوقۇتۇش ھەيئىتى ۋە باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن داموللامغا «مەۋلىۋى» ئۇنۋانى بىلەن بىرگە «ئالىم فازىل» ۋە «جەلىل» ئۇنۋانى بېرىلگەن، بۇ ئۇنۋان دارۇلئۇلۇمدا ھېچ بىر ئوقۇغۇچىغا بېرىلمىگەن ئىكەن.

داموللامنىڭ ئۇنۋانى توغرىسىدا ئاتۇشتىكى تونۇشلۇق ئالىم زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋىدىن ئاڭلايلى: بۇ ئالىم داموللامدىن ۋە مەرۇپ ھەسەن مەۋلىۋىدىن كېيىن دارۇلئۇلۇمنى پۈتكۈزگەن، داموللامنىڭ ئۇنۋانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەداموللامنىڭ چەتئەلدىكى ئىشلىرىدىن خەۋىرى بولغان كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، زامانىمىزنىڭ ئىلمىلىك پىشقەدەملىرىدىن ئىدى.

1972 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ بېشى، مەن (نىياز داموللاجىم) جەنۇپقا قىلغان سەپىرىمدە زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋى بىلەن ئۇچرۇشۇش ئىستىگىدە ئاتۇشقا باردىم. ئەزىز سۇلتانىم جامەدىكى جامائەتلەردىن مەۋلىۋىنى سۈرۈشتۈردۈم، بىرئازدىن كېيىن جامائەتلەر مەۋلىۋى كەلدى دېيىشتى، مەۋلىۋى بىلەن سالام ـ سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، مەۋلىۋى كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ بىلەن، نەدىن كېلىشتىلەر؟ دەپ سورىدى.

مەن جاۋابەن: توخسۇندىن كەلدۇق تەقسىر دېدىم.

مەۋلىۋى دەرھاللا داموللام ئابدۇلخەبىر بامۇ؟ دەپ سورىدى.

مەن ئۆتكەن يىلى ئۇزۇتۇپ قويغانلىقىمىزنى دېدىم.

مەۋلىۋى: شېھىت كەتتىمۇ يا نورمال كەتتىمۇ؟ دېدى.

مەن شېھىت كەتتى، تۈرمىدىن مېيىتىنى ئاچىقىپ ئۆيىگىمۇ بەرمەي كۆمۈۋەتتى دېيىشىمگىلا، قايغۇدىن چىرايى ئۆزگىرىپ ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، نەچچە مىنۇت ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ دۇئا ـ ئىستىغفار ئوقۇدى، ئەتراپتىكىلەرمۇ مەۋلىۋىگە قاراپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆيىگە باشلاپ، داستىخان راسلاپ، بىز بىلەن سۆھبەتتە بولدى، بۇ ئەسنادا ئۇستازىمىزنىڭ دىيۇبەندتىكى ئىش - ئىزلىرىدىن ياخشى مەلۇماتلارغا ئىرىشتۇق.

زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋى دىيۇبەندىكى كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ: مەن دىيۇبەنگە بارغاندا ئۇستاز ئابدۇلخەبىر ھەسەن ۋە مەرۇپ مەۋلىۋىلەر پۈتتۈرۈپ كېتىپ بوپتۇ، مەن ئۇلاردىن كېيىن ئوقۇغان، بىركۈنى دىيۇبەند مەدرىسىتىكى ئۇستازلارنىڭ ئىشخانىسىنى ۋە ئارخىپلىرىنى كونا ئورنىدىن يېڭى ئورنىغا يۆتكىمەكچى بولدى، ئارخىپ يۆتكىگەنلەرنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بارئىدىم. باش مۇدەررەس ئەنۋەر شاھ كەشمىرىنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئارخىپلارنى مەن يۆتكىدىم، تۇيۇقسىز ئابدۇلخەبىر تۈركىستانى دەپ ئىسىم يېزىلغان ئارخىپ خالتىسى قولۇمغا چىقىپ قالدى، مەن دەرھال ئېچىپ، ئۇنىڭ ئۇستاز ئابدۇلخەبىرگە بېرىلگەن ئۇنۋان ئارخىپى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئۇنۋانغا ئابدۇلخەبىر تۈركىستانى، مەۋلىۋى، فازىل، جەلىل دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنۋانغا دىيۇبەند دارۇلئۇلۇم ئىمتىھان تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ تامغىسى ۋە باش مۇدەررىس ئەنۋەر شاھ كەشمىرىنىڭ ئىمزاسىمۇ قويۇلغانىدى، شۇنداقلا جەلىل دېگەن ئۇنۋانىنىڭ دىيۇبەند بويىچە بۇ ئۇستازدىن باشقا ھېچكىمگە بېرىلمىگەنلىكىنىمۇ بىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇستاز بىلەن ئۇچرىشىش ئىستىگىدە بولدۇم، ئەمما تەغدىر مۇشۇ ئوخشايدۇ، بۇ قالايمىقانچىلىقلاردا كۆرۈشەلمەي قاپتىمىز دىگىنىچە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى.

## ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىملىق ۋەتەنگە قايتىشى، مۇدەررىسلىك ھاياتى ۋە ۋەتەندىكى ئىنقىلاب ھەرىكىتى

ئەمدى سۆزنى مەرۇپ ھەسەن مەۋلىدىن ئاڭلايلى، بۇ كىشىمۇ زاماندا توخسۇنىڭ مۇفتىسى بولغان كىشى بولۇپ، داموللام بىلەن دارۇلئۇلۇمنى بىللە پۈتكۈزگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىز 1931-يىللىرى ئەتراپىدا ھىندىستاندىن ۋەتەنگە قايتتۇق ۋە قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇشتا ئىكەنلىكىنى، يوللارنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى بىلدۇق-بىز ۋەتىنىمىز ئىسلاھاتى ۋە ئېھتىياجى ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق كىتاب-ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدۇق، يولدا يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدۇق، باشقا يول ئىزدەيلى دەپ، خوتەن ئارقىلىق كېرىيەگە كېلىپ ۋەزىيەتنى كۈزەتكەچ تۇرۇپ قالدۇق، ۋەتىنىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ۋاقىت قىس، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى ھېس

قىلىپ، كېرىيەدە دەرھال ئىككى مەدرىسىگە ئورۇنلىشىپ دەرس باشلىدۇق، داموللام شۇ چاغدا ئىككى، ئۈچ يۈزدەك تالىپى بولغان چوڭ بىر جامەگە مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلىدى، داموللام دەرس باشلىغاندىن كېيىن تالىپلارنىڭ سانى تېزلا ئېشىپ، مەدرىستە مىڭلىغان تالىپلار دەرس ئالىدىغان ھالەتكە كەلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىلىم سۆيەر ياشلار كۆپىيىپ، جامەلەر كىچىك كەلدى. مەن (مەرۇپ ھەسەن مەۋلىۋى) بىر يىلدىن كېيىن توخسۇنغا قايتتىم، داموللام كېرىيەدە قالدى.

كېرىيەدە داموللام بىلەن ھەمكارلاشقان ئادەملەردىن بىر نەچچە كىشى بىلەن سۆھبەت:

بىرى روزاخۇن مۇدەررەس يەنە بىرى روزاخۇنباي ۋە مۇھەممەد ئاخۇن ئاكىلار

ئەمدى گەپنى كېرىيەلىك روزاخۇن مۇدەررىستىن ئاڭلايلى.

1972 ـ يىلى 5 ـ ئاي مەن (داموللامنىڭ تالىپى نىياز دامۇللاجىم) روزاخۇن مۇدەررىس بىلەن ئۇچراشتىم. روزاخۇن مۇدەررىس چوڭ مەدرىسىگە مەسئۇل مۇدەررىس ئىكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى مەدرىسىمىزگە ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى، ئۇلار قەشقەر تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى، توخسۇنغا كىتىدىغانلىقىنى، ھازىر ماڭالمىغانلىقىنى ئېيتتى، بىز ئۇلارنى ئېلىپ قالدۇق.

بىر كۈنى مەن سانىي ھىدايىغا دەرس ئېيتىۋاتقان ئىدىم، دەرس ئارىلىقىدا ماڭا بىر جۈملە يەر ئېنىقسىز بولۇپ قالدى، شۇ ئەسنادا تالىپلار ئىچىدىن بىرى ئىككى كەلىمە بىلەن بۇنى يەشتى، مەن چۆچۈپ كەتتىم، بۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، كەچتە 3 تالىپنى چاقىرىپ مۇنداق مەسلىھەت قىلدىم، سىلەر بۇلارنى سىناپ بېقىڭلار، تەفسىردىن فاتىھەنى تەفسىر قىلدۇرۇڭلار، بۇخارىدىن ئېيتقىلى سېلىڭلار، فىقھىدىن ھىدايىنى دېگىلى سېلىڭلار، ئىلمى بار يوقلىقىنى بىلەيلى دىدىم، كەچتە ئۇلار پىلان بويىچە ئىش كۆردى، مەن دەرسخانا دەرىزىسىدىن ئۇلارنىڭ دەرسنى ئاڭلىدىم، دەرسنى ئاجايىپ ئېيتتىكى، دەرس تۈگەپ بوغچە دەرستىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتىم ۋە دەرس تۈگىشىگىلا داموللامنىڭ قېشىغا كىرىپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، نەچچە كۈندىن بېرى ئالدىغا ئۆتۈپ دەرس سۆزلەپ ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سورىدۇم، بۇ جامە مېنىڭ باشقۇرۇشۇمدا ئىدى، بۈگۈندىن باشلاپ جامە تالىپلارنىڭ پۈتۈن باشقۇرۇشنى سىلىگە تاپشۇردۇم، ئۆممەتنىڭ خىزمىتىنى بىللە قىلايلى دىدىم. داموللامۇ تەلپىمگە قوشۇلدى.

شۇ چاغدىكى تالىپلاردىن مىڭدەك تالىپ مۇدەررىسلىك قىلغۇدەك دەرىجە كەلگەن ھازىر (1972 ـ يىلى) ئۇلاردىن نەچچە يۈز كىشى ھازىرمۇ كېرىيەدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھايات دېگەننىدى.

داموللام شۇنىڭدىن باشلاپ جەمئىيەتتە ھەرخىل قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. ھەممىسىگە ئىلىم، ئىمان نۇرى چاچقان ئىدى.

شۇ كۈنلەردە كېرىيەدە نوپۇزلۇق كىشىدىن بىرى ۋاپات بولدى. ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىنمۇ ئادەم جىق كەلدى، ئادەتلىرىمىزدە ئۈچ كۈنگىچە قەبرە بېشىدا ۋەز نەسىھەت قىلىدىغان ئىش بارئىدى، تەكلىپ بىلەن داموللام سۈرە قىيامەتنى تەفسىر قىلدى، شۇ تەبلىغدىن داموللام تېخىمۇ ياخشى تونۇلۇپ كەتتى .

روزئاخۇن مۇدەررىس داموللامنىڭ مەدرىستىكى پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

بۇ كۈنلەردە ھەر تەرەپتىن ئىنقىلاب خەۋەرلىرى كېلىپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن داموللاممۇ بۇنى ياخشى پۇرسەت بىلىپ، دەرھاللا بايلارنى ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى يېتەكلەپ قورال تېپىش ۋە قورال ياساش ئارقىلىق ھەر قايسى تەرەپتىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئىنقىلابقا تەييارلىق كۆرىۋاتاتتى. بۇ ئىشلارغا روزاخۇنباي داموللام بىلەن شۇ ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## روزاخۇنباي بىلەن سۆھبەت

مەن (نىياز داموللاجىم) روزاخۇنبايدىن ئىنقىلاب ئەھۋال سۈرۈشتۈرگىنىمدە، ئۇ ئەسلىمىسىدە: بىز ئىنقىلابنى باشلاش ئۈچۈن بىر قىسىم قوراللارنى سېتىپ ئەكەلدۇق يەنە بىر قىسمىنى ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنى ئىشقا سېلىپ كېرىيەنىڭ ئۆزىدە قورال ياساشقا كىرىشىپ، مەلۇم مىقداردا قورال تەييارلىدۇق، ئاندىن ھەر قايسى يېزا كەنتلەردىن ئىشەنچلىك ئىمام مۇئەززىنلەرنى چاقىرىپ داموللام جىھادنىڭ ئەھمىيىتى، رولى، مۇھىملىقى توغرىسىدا ۋە قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق دەرسلىك قىلىپ سۆزلىدى.

بۇ كىشىلەر ئۆلسەك شېھىد، قالساق غازى دېگەن ئىرادىگە كەلدى. ئىنقىلاب جەڭچىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ھازىر بولغان ئىدى. بۇ ئىمام ـ مۇئەززىنلەر داموللامنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن جايلىرىغا قايتىپ ئىنقىلاب روھىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ 18 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەرنى جىھادقا چاقىرىشقا ئاتلاندى. دۈشەنبە كۈنى، كېرىيەنىڭ غەربى ـ شىمالىدىكى شەنبە بازار دېگەن جايدىكى مەيدانغا سائەت 10 دا يىغىلىش ئۇقتۇرۇلدى. بىز ئۆزىمىزمۇ تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، كېرىيە بازىرىنىڭ غەربىي تەرەپتىكى كونا دەريا ئېقىنى بىلەن شەنبە بازارغا قاراپ يولغا چىقتۇق. مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە كۆردۇقكى، ئىسلامنى، ھۆررىيەتنى خالاپ جان تىكەر ئەزىمەتلەردىن نەچچە يۈزلىگەن

ئەزىمەتلەر يىغلىپ تۇرۇپتۇ.

بىز دەرھال داموللامنى ھەربىي كىيىم كىيگۈزۈپ، ھەربىي پاگون تاقاپ، قارا ئارغىماققا مىنگۈزۈپ خوجىنىياز ھاجىغا ئوخشاش قىلىپ، ئاتلىنىشقا تەييار بولدۇق، ئىككى قولىدا ئىككى تاپانچا ۋە ئەتراپىدا سەككىز قوغدىغۇچى قىلىپ، قوشۇننى باشلاپ ھەربىي ھۆكۈمەتكە يۈرۈش قىلدۇق، داموللام ئالدىن ئىككى ئادەمنى ئاتلىق شەھەر ئىچىدە خوجىنىياز ھاجى يېتىپ كەلدى دەپ توۋلاشقا بۇيرىدى. چۈنكى، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەسكىرى كۈچى ھەممە يەرگە پۇر كەتكەچكە، ئىسمى چىقسا دۈشمەنمۇ ئۈركۈيتتى، بۇ بىر تاكتىكا ئىدى. قۇماندان سېپىلغا يېقىنلاشقان چاغدا، ئۆزى قوشۇننى توختىتىپ جىھاد ھەققىدە يېرىم سائەت سۆزلەپ قوشۇنغا روھىي ئوزۇق بەردى. قولىمىزدا يېشىل رەڭلىك بايراق بولۇپ، كەلىمە شاھادەت يېزىلغان ئىدى، مۇجاھىدلار تەكبىر ئېيتقانچە شەھەر سېپىلغا بېسىپ كەلدۇق، كاپىرلار بىلەن تۇتۇشۇش قاتتىق بولدى. بەزىلەر شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچتى، قوشۇندا بىر ئاز بوشىشىشمۇ كۆرۈلدى، داموللام تېز سۇرئەتتە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتۇق.

بىز شېھىتلىرىمىزنى ئاتلاپ ئۆتۈپ سېپىل قېشىغا باردۇق. ئوق چىقىۋاتقان ئاپتۇمات تۆشۈكلىرىنى ئېتىشكە تىرىشتۇق. بىر قىسىملار سىپىل ئۈستىگە چىقىپ، ئىچى تەرەپكە چۈشۈشكە باشلىدى، شۇ چاغدا دۈشمەن ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، تەسلىم بولۇپ چوڭ قوۋۇقنى ئېچىۋەتتى، دۈشمەننىڭ باشلىقلىرىدىن 3 كىشىنى باغلاپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقتۇق، باش قۇماندانىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، نەخ مەيداندىلا ئىجرا قىلىنىپ ئېتىپ تاشلاندى. ئۇلارنىڭ ھاكىملىق تامغىسىنى خەلققە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، پالتا بىلەن پارچىلىۋەتتۇق، غەنىمەتلەر ئىسكىلاتتا ساقلاشقا بۇيرۇلدى.

نەق مەيداندا كېرىيەدە ۋاقىتلىق ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، داموللامنى ھاكىم سايلىدۇق، روزاخۇنغا كېرىيەنىڭ مۇدەررىسلىك ۋە ئىسكىلاتتىكى غەنىمەتلەرنى ساقلاش زىيپىسى تاپشۇرۇلدى. ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئورۇنلىرىغىمۇ ئادەم سايلاندى. داموللامنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى پىلانى بولسا، بۇ ئىنقىلابنى ئاساسىي قوشۇن بولۇپ كېلىۋاتقان ھاجىنىڭ قوشىنىغا، شۇنداقلا سابىت داموللامغا ئۇلاپ، قەشقەر بىلەن خوتەن رايونىنىڭ ئارىلىقىنى ئېچىش ئىدى.

يۇقىرىقى جەڭ 3 سائەت ئەتراپىدا داۋاملاشتى، پىشىندىن كېيىن شېھىتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولدى.

روزاخۇنباي ۋە مۇھەممەد ئاخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاكىلارنىڭ كېرىيەنى ئازاد قىلىش قىسقىچە ۋەقەلىكى تۈگىدى.

داموللام سەھەر سائەت 3 تە مەدرىسنىڭ دەرسگە چىقىدۇ، سائەت يەتتىگىچە دەرستە بولىدۇ، سائەت سەككىزدە ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئىدارە ئىشلىرى بىلەن بولىدۇ، ئەسردىن كېيىن شامغىچە يەنە ئىككى سائەت دەرس ئۆتىدۇ، ئۇندىن كېيىن ئۆز مەشغۇلاتلىرى بىلەن بولىدۇ. بۇ مەشغۇلات تەخمىنەن 3 يىلغا يېقىن داۋام قىلىدۇ.

كۈنلەر مۇشۇ شەكىلدە بىر مەزگىل داۋام قىلىدى، بىر كۈنى خوتەندىن نەچچە كىشى كىرىپ كەلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەۋەتكەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، خوتەندىمۇ ئىنقىلاب قىلىنىۋاتقانلىقىنى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ داموللام بىلەن ھەمكارلىشىش پىلانى بارلىقىنى داموللامنىڭ كېرىيە يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن خوتەنگە بىر زىيارەتكە كېلىشىنى ئېيتىپ تەكلىپ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. داموللام كېرىيەدىكى ئىشلىرىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىنقىلابنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلىش ۋە كېڭەيتىش پىلانىغا ئۇيغۇن دەپ، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن روزاخۇنباي قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى دەرھال ھازىرلىق كۆرۈپ، داموللامنى ئېلىپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرامۇ داموللامنىڭ نامىنى ئاڭلىغانلىقىنى ۋە كۆرۈشۈش ئىستىكى بارلىقى، بۈگۈن نېسىپ بولغانلىقىدىن خۇرسەن بولدى. خوتەنگە كېلىپلا داموللام مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئىنقىلاب پىلانى، تاكتىكا ۋە ئىنقىلابقا ئالاقىدار ئىشلاردا مەسلىھەت كېڭەشتە بولدى ۋە تەپسىلىي پىلان تۈزۈپ چىقتى. بۇ مەسلىھەتلەردىن كېيىن داموللام مۇنداق دەپ چىقتى.

جەنۇپتىكى ئىنقىلابنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قەشقەر بىلەن خوتەننىڭ ئوتتۇرىسىنى ئېچىشقا ۋە باغلاشقا ئېھتىياجىمىز بار، گۇمىدا تۇرۇۋاتقان 2000 ئەسكەر بار، جىنشۇرېن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىشىمىز لازىم. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن شۇ پىكىردە بىرلىككە كەلدۇق ۋە دەرھال ئاتلىنايلى دېدى. بىز دەرھال ھازىرلىق كۆرۈپ گۇمىغا 400 كىشى بىلەن جەڭگە ئاتلاندۇق.

داموللام ئۇيەرگە بارغاندىن كېيىن، ئاۋۋال جەڭ قىلماي سۈلھى ئۇسۇلى قوللاندى، نىمىشقا دەرھال ئۇرۇش ئاچمايدىغانلىقىنى سورىساق، خىتاي 2000 ھەم قورالىرى ئىلغار، بىز ئاز، تاكتىكا قوللىنىش كېرەك. دىگىنىمىزگە كەلمىسە ئاندىن ئۇرۇش ئاچىمىز دېدى. خىتاي بىلەن بىر ھەپتە سۈلھى قىلدۇق، بىز دېگەن يەرگە كەلمىدى. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى جۈمە كۈنى ئىدى، بىز يەنە ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىغا ماڭدۇق،

سىپىل قېشىغا بارغاندا داموللام ماڭا بۈگۈن تۆت سائەتكىچە چىقالمىسام جۇمە ۋاقتىغىچە مۇداپىئەدە تۇرۇڭلار، بۇلار مىنى قەستلەپ سىلەرگىمۇ ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن دېدى. جۇمە ۋاقتى يېقىنلاشقاندا داموللام چىقتى. داموللام بىزگە سۆلھى مەزمۇنىنى بىلدۈردى. ھەپتىدىن بۇيان بۇلار ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرگەن ئىكەن. مەن بۇ قارارىدىن ۋاز كەچتۈردىم، ھازىر مۇنداق كېلىشىم تۈزدۇق. بىر ھەپتىگىچە بۇلار ئالالىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان بولدى. بىز بۇلارنى 60 ئەسكەر بىلەن (قوشۇنىنىڭ ئالدىدا 30 كەينىدە 30) قۇمۇلنىڭ چېگراسىغا ئاپىرىپ قويىدىغان بولدۇق. ئەمما مىنىڭ يۇشۇرۇن تاكتىكام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۆكتۈرمىدە قىرىپ تاشلايمىز، دېدى.

پىلان بويىچە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن دېگەندەك خىتايلار كوچىغا كىرىپ بولغاندا ھۇجۇم باشلىدۇق. ئايەتتىكى سەبىر قىلغۇچىلارنىڭ قوشۇنىدىكى يىگىرمە كىشى ئىككى يۈزگە تېتىيدۇ دېگەن مۆجىزىنى كۆرگەن بولدۇق. ئاندىن بۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كونا دەريا ئېقىنى بولغان بىر ئېقىنغا ئاپىرىپ كۆمىۋەتتۇق.

جەڭدە غەنىمەت ئالغان ئېغىر ۋە يىنىك تىپتىكى قوراللارنى ئېلىپ خوتەنگە قايتىپ كەلدۇق، بىز كېرىيەدىن كېلىشتىن بۇرۇن خوتەندىكى قېرىنداشلىرىمىز قورال قىسىنچىلىقىدا ئىكەن، ئازغىنە قورالللىق بۇلۇپ، قالغانلىرى تاياق ـ توقماق تۇتۇپ يۈرگەن ئىكەن. بۇ جەڭدىكى قوراللار مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە باشقا قېرىنداشلارنى خوش قىلىۋەتتى.

بۇ جەڭدىن ئېلىنغان غەنىمەتلەر خوتەن قوشۇنىنىڭ قورال ئاز بۇلۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خوتەن قوشۇنى رەسمىي قوراللانغان قوشۇن بولدى. بۇ غەلبىدىن سۆيۈنگەن قېرىنداشلار دەرھال يېڭىسارىدىكى جەددى ۋەزىيىتنى ئۇرۇنلاشقا پىلان تۈزۈشكە باشلىدۇق. يېڭىساردا لو جاڭجۇڭ دېگەن خىتاينىڭ قولىدا مۇنتىزىم قوراللانغان 2000 ئەسكەر بار ئىدى ـ بۇ خوتەن بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىدىكى چوڭ بىر توسالغۇ ئىدى. داموللامنىڭ باتۇرلىقى ۋە جەڭ تاكتىكىسىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ھەممىنى قايىل قىلغان بولغاچقا، بۇ قوشۇنغىمۇ داموللام ئۆزى بىر قوللۇق قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى. مەن قوماندان يارەمچىسى بولدۇم.

يېڭىسارغا بارغاندىن كېيىن، يېڭىسارىدىكى پىداكار ئەزىمەتلەر بىزگە قېتىلدى، سانىمىز تېخىمۇ كۆپەيدى. بىز دۈشمەنگە بىرىنچى بۇلۇپ تەسلىم بۇلۇش ئىككىنچى بۇلۇپ سۆلھى تۈزۈش تەكلىپى بەردۇق، ئەمما ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇرۇش ئېچىشقا ئۇرۇندى، بىزمۇ ئۇرۇش قىلىشنى قارار

قىلدۇق. ئۇلار سېپىل ئىچىدە، بىز ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلار سېپىل تۆشۈكلىرىدىن بىزگە ئوت ئېچىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. مۇجاھىدلىرىمىز يامغۇردەك ئوققا قارىماي شىددەت بىلەن سېپىلغا ھۇجۇم قىلدى، ئالدى تەرەپ سېپىلغا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى، ئاخىرى سېپىل ئىچىگە ئەسكەرلەر سەكرەپ چۈشۈپ چوڭ دەرۋازىنى ئاچتى، ئۇرۇش غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتى.

يېڭىسار خەلقى شۇ چاغدا شەھىدلەرگە مۇنداق مەرسىيە شېئىرلىرىنى ئوقۇغانىدى:

شەھىدلەر قان تۆكۈپ بولدى يېڭىسار ئازاد،
شېھىتلىكنى ئارزۇ قىلىپ ئۇلار قىلغان ئىدى غازات،
شەھىدلەرنىڭ تۆككەن قېنى بىزنى قويدى ھايات،
ئاللاھ كەرەم ئاتا قىلسۇن فىردەۋسۇل جەننات.

داموللام يېڭىساردىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق، مەلۇم مەزگىل خوتەندىكى پىلان مەسلىھەتلەردىن كېيىن، قارغىلىقتا دەرھال ھۆكۈمەت تۇرغۇزۇش پىلانى تۈزۈلدى، بۇ ئىشقا يەنە داموللام مەسئۇل بولدى، بىز داموللام بىلەن قارغىلىققا كەلدۇق، دەرھال ھۆكۈمەت قۇرۇپ داموللامنى ھاكىم قىلىپ سايلىدۇق، بۇ چاغدا تۈڭگان ما خوسەننىڭ قوشۇنلىرى قارغىلىققا كەلدى، ماخوسەننىڭ كۈچلۈك مۇنتىزىم قوشۇن ئىدى، بىز زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى پىلانلاپ، قوشۇننى خوتەنگە چېكىندۈردۇق ۋە ئارقىدىنلا كېرىيەنىڭمۇ تۈڭگاننىڭ پىلانى ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى پەملەپ دەرھال كېرىيەنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كېرىيەگە ئاتلاندۇق. كېرىيەدە بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز بار ئىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي تۈڭگان قوشۇنلار كېرىيەگىمۇ يېتىپ كەلدى، بىزنىڭ قوشۇن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ سانى كۆپ، مۇنتىزىم قوراللىق ئىدى. ئۇلار داموللامنى زىندانغا تاشلىدى. ۋە داموللام تۈرمىدە قاتتىق قىيىن ـ قىستاق ئىچىدە بىرمەزگىل يېتىپ كەتتى، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، تۈرمىدىن يوشۇرۇنچە چىقىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى ئىنقىلابىنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى، مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتقانلىقىنى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭمۇ خوتەننى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، قاتتىق ئەپسۇسلاندى، داموللام ئەسلىدە كىچىك قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى ئاساسى قوشۇن بولغان ھاجىنىڭ قوشۇنىغا قېتىلىدۇ دەپ چۈشەنگەن ئىدى. داموللام كېرىيەدىكى چوڭ باي ئابلەي مەخسۇمنىڭ ياردىمىدە ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئابلەي مەخسۇم ئۆزىنىڭ يېقىن تۇققىنى ئىززەتخاننى داموللامغا




ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نىكــــــاھلاپ بىلــــــلە ھىندىســــــتانغا چىقىرىۋەتكەن ئىدى.

## ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەت

بۇ قېتىملىق ھىجرىتىــدە دامــوللام دىيۇبەندىكى ئۇستازلىرىنىڭ تەۋسىيەسى بىــلەن، مەدىنىـــدىكى دىيۇبەنــد نىــڭ باشقۇرۇشـــى ئاســـتىدىكى مەكـــتەپكە مۇدەررىس بولۇپ بارىدۇ، بۇ جەريانــدا مەيلى مەكتەپتە بولسۇن مەيلى خەلقئارا ئىلــم مۇنبەرلىرىــدە بولســۇن، ئەجەم بولسىمۇ مول بىلىم ئىستىئدادى بىــلەن ئەرەپ دۇنياسىدىكى ئالىملارنىڭ ئىتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ، دۇنيــاۋى ئــالىملار ئارىسىدا بىر كىشىلىك ئورنىنى تاپىــدۇ. بــۇ زامانــدىكى ســەئۇدى ئەرەبىســتان ئالىملىرى داموللامغا يېقىندىن دىققەت قىلىــپ، ئىككـــى ھەرەم مۇفتىلىـــك خىزمىتىگە ئېلىــپ كىرىــدۇ، شــۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارغـــا ھەرخىـــل پەنـــلەردە گۇۋاھنامە بېرىدۇ.



(يۇقىرىدىكى شۇ زاماندا بېــرىلگەن گۇۋاھنامەنىڭ بىر نۇسخىسى)

ئابدۇلخەبىر دامــوللام مەدىنىـــدىكى كاتتا ئالىم، باش مــۇدەررىس دامــوللام مۇھەممەد تەيىيــب ۋاپــات بولغانــدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا باش مــۇدەررىس بولغان.

ئۇ يەنە پادىشــاھ ئابــدۇلئەزىزنىڭ دىنىي ئىشلار مەسلەھەتچىسى بولغــان ۋە مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا ئەرەب ـ ئەجەملەردىــن نۇرغــۇن شــاگىرتلارنى تەربىيلىگەن.

ئەرەبىســـتاندىكى ئـــالىملاردىن: 5 توملۇق ئەرەبچە ″**منار القاري شرح مختصر صحيح البخاري**″ دېـــگەن ئەســـەرنىڭ مۇئەللىپى كاتتا ئالىم ھەمزە مــۇھەممەد قاسىم، مەشھۇر ئالىم سۇلايمان سەنئ ۋە داموللام سەييد ئابباس ئىبنى ئەھمەدلەر ئابدۇلخەبىر داموللامدىن «ئىجــازەت» (ئالاھىدە دىپلــوم) ئالغــان ۋە ئۇنــىڭ قولىدا يېتىشكەن شاگىرتلىرىدۇر.

شۇ جەرياندا مەدىــنە مەســچىتىنىڭ تېمىغـــا يېزىلغـــان دالائىلــۇلخەيرات كىتابىنىڭ ئەھلى ســۈننە ۋەل جامــائە ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان يەرلىرىنى ئۆچۈرگۈزىۋەتكەن، قىرىــپ تاشــلانغان ئورۇنغا قۇرئان كەرىمنى يازدۇرغان.

بۇ يىللاردىكى خەلقــارالىق ئىســلام ئىلمـــي مـــۇنبەرلەردە ســەئۇدىدىكى ئالىملارغـــا ۋەكـــالەتەن ســۆز قىلىــپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن

ئالىملارنىڭ ئىتراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

## ۋەتەنگە ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كىرىشى

گەرچە داموللام شۇنداق كاتتا بىر مەرتىۋە ۋە ئىمتىيازلاردا تۇرغان بولسىمۇ ۋەتەنگە بېرىش تەۋەككۇلچىلىك بولسىمۇ، ئەمما ئانا يۇرتقا بولغان سېغىنىش، ۋەتەنگە بولغان ئىنتىلىش، ئىشتىياق يۈرىكىدىن ئۆچمىگەن، شۇنداقلا ۋەتەنگە قايتىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان.

داموللام ۋەتەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1948-يىلى ھەجگە بارغان ھۇشۇر ھاجى، تۇردى ھاجى خەلپىتىم ۋە رەھمۇتۇللاھ ھاجىلار بىلەن بىرلىكتە سىنگاپور، خوڭكوڭ، شاڭخەي، لەنجۇلارنى بېسىپ 3-ئايدا قۇمۇلغا كەلگەن ۋە بۇيەردە ئۈچ كۈن تۇرغان. بۇ ۋاقىتتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، ئەيسا بەگ، ئابدۇلئەزىز چىنگىزخان داموللام قاتارلىقلار قۇمۇلغا ئايروپىلان بىلەن بېرىپ دامولّلامنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىدۇ، باشقا شىمال ۋە جەنۇبتىن كەلگەن ھاجىلارمۇ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ.

ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇستازنى قارشى ئېلىش زىياپىتى بېرىلىدۇ، ئالىم ۋە رەھبەرلەر بىلەن سۆھبەتتە بولغان بولۇپ، بۇ ئىشلار بىر ھەپتە داۋاملاشقان. زىياپەتلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، ئەيسا بەگ، ئابدۇل ئەزىز چىنگىزخان دامولّلام ۋە باشقا بىر قىسىم مەسئۇللار، كىچىك ماشىنا بىلەن دامولّلامنى توقسۇننىڭ غولبۇيى يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى پارچە ساغال سېيىغىچە ئەكىلىپ، توقسۇندىن كۈتۈۋېلىشقا چىققان مىڭلىغان جامائەتلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئازراق سۆز قىلغان.

بۇ قارشى ئېلىشقا توقسۇننىڭ ئالىملىرىدىن: مەرۇپ ھەسەن مەۋلىۋى، مەھمۇد قازى ئاخۇنۇم، ھەمدۇللا مۇفتى ئاخۇنۇم، مۇھەممەد ئەلەم ئاخۇنۇم ۋە باشقا ئەھلى ئىلىملەر چىققان، مەسلىھەت بىلەن، پىشقەدەم مەھمۇد قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە زىياپەت راسلانغان. ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە كىرىپ 30 يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىن ئايالى، قىزى ۋە باشقا تۇققانلىرى بىلەن جەم بولغان. ئۆيىدە نەچچە كۈنلۈك مېھمان قوبۇل قىلىشتىن كېيىن، ئالىم ۋە تالىپلار بىلەن ئۆزىنىڭ كونا ئىلىم ماكانى بولغان بوستان مەدرىسىگە زىيارەتتە بولغان. جامائەتلەر تىزلا دامولّلامغا مەسچىتنىڭ يېنىدىن ئۆي ھازىرلاشقا تۇتۇش قىلدى، ئۆي ھازىر بولۇپلا دامولّلام دەرھاللا دەرس باشلىغان. قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ شاھادىتىنى ئالغان ئەھلى ئىلىملەرمۇ دەرسكە قاتنىشىپ ئىستىفادە ئالغان، شۇنىڭدەك ۋەتىنىمىزنىڭ

تۇرپان، قۇمۇل، كورلا، قەشقەر، خوتەنگىچە نەچچە يۈزلىگەن تالىپلار كېلىپ دەرسكە نائىل بولغان بولۇپ، قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇستاز نۇرغۇن تالىپلارغا ئىلىم نۇرى بەرگەن. بۇ جەرياندا دەۋەت ئىشلىرىغىمۇ سەل قارىمىغان بولۇپ، ھەر جۈمە كۈنى، بىر گىكتار چوڭلۇقتىكى مەخسۇس جۈمە ئۈچۈن تەييارلانغان يەردە خەلققە قۇرئان تەفسىرى قىلىپ، دەۋەت توسالغۇغا ئۇچرىغانغا قەدەر ئەمەلىيەتنى تاماملىغان.

بۇ ئىشلار 1949-يىلى قىزىل كومۇنىستلار بېسىپ كەلگەندە، ئوقۇ-ئوقۇتۇش، دەۋەت ئىشلىرىغا ھەرخىل توسقۇنلۇقنى ئېلىپ كەلگەن، قىزىل خىتاي كېلىپلا ئۇزۇن ئۆتمەي داموللامغا كۆز تىككەن ۋە ساقچىخانىغا گەپ سورايمىز دەپلا ئېلىپ كەتكەن، بۇنى بىلگەن خەلق ۋە نەچچە يۈزلىگەن تالىپلار ساقچىخانا ئالدىغا يىغىلىپ، داموللامنى تەلەپ قىلىپ، ھەربىيلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان، دەرۋازىلارنى بۇزۇپ ئىچىگە كىرىشكە ئۇرۇنغان، ئىشنىڭ يامىنىغا چىقىشىنى سەزگەن مەككار خىتايلار، داموللامدىن پەقەت گەپ سورايلى دېگەن دەپلا جامائەتكە ئېچىقىپ بەرگەن. بۇ توسالغۇلارغىمۇ قارىماي داموللام داۋاملىق دەرس ئۆگىتىۋەرگەن، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى بوستان مەدرىسىگە ۋە داموللامغا يىقىندىن كۆزقۇلاق بولغان، داموللامنىڭ بۇ خىزمەتلىرى 1952-يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان.

1952-يىلى مۇساپىر تالىپلار كەتكەندىن كېيىن داموللام يەنە دەرسلەرنى 1955-يىلغىچە داۋام قىلغان، ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن داموللامنىڭ تالىپلىرى توخسۇندا مەسچىت-مەدرىسلەردە بولسۇن ياكى دىنى سورۇنلار بولسۇن كۈنىمىزگە قەدەر ئاكتىپ شەكىلدە ئالدىنقى سەپتە خىزمەت قىلغان.

بۇ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى بېيجىڭدا ئىسلام جەمئىيتى قۇرۇش باھانىسى بىلەن ئالىملارنى بېيجىڭغا چاقىرغان، ئەمىلىيەتتە بۇ ئالىملارنى تونۇۋېلىش ۋە كونترول قىلىش نىيىتىدە ئىدى، داموللامۇ شۇ ئالىملارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى، ئۇلار داموللامنى بېيجىڭغا چاقىرتىش بىلەن بىزنىڭ (نىياز داموللاجىم ) دەرسلەرمۇ ۋاقىتلىق توختىدى. داموللام بولمىغاچقا بىز بىكار ۋاقىت ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، دەرس بولۇۋاتقان باشقا جايدىكى ئۇستازلاردىن ئىستىفادە قىلىپ تۇرۇش مەقسىتىدە، سەپەر قىلدۇق. سەپەردە كورلىدا بىرمەزگىل تۇرۇپ قالدۇق.

## يىغىنغا ماڭغان ئالىملارنىڭ بېيجىڭغا سەپىرى ۋە يىغىن ئەھۋالى:

كورلىدىكى مەدرىستە تۇرغان ۋاقتىمىزدا بىركۈنى مەدرىسكە پىشقەدەم ئالىم مەقسۇد ئەلەم ئاخۇنۇم (75-80 ياش) كىرىپ كەلدى، ئۇ بېيجىڭغا

www.uyghurkitap.com

بولغان سەپەردە ۋە يىغىندا ئۇستاز ئابدۇلخەبىر ھەسەن بىلەن بىللە بولغان ئىكەن. ئۇ بېيجىڭدا ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقانلىقىنى، سەپەردە ئىبرەتلىك ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئەمما ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتە كەلگۈسىمىزدە غەم-ئەندىشىلەرنىڭ بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى دېدى.

ئۇ سەپەردىكى ئىشلارنى سۆزلەپ: ئابدۇلخەبىر داموللام بىلەن بىر ۋاگوندا تۇرغانلىقىنى، ياندىكى ۋاگوندا قەشقەر خانلىق مەدرىستىكى ئىمىن مەۋلىۋى ۋە كۇچادىكى ھامۇت مەۋلىۋىلەر بىلەن بىللە سەپەر قىلغانلىقىنى، بۇ سەپەردە ئىلمىي سۇئال-سۆھبەتلەر بولۇنغان ئىكەن.

ئۇ سۆزىدە: سەپەردە بىركۈنى ئىمىن مەۋلىۋى ئابدۇلخەبىر داموللامنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى ۋە ھەمسۆھبەت بولدى، بۇ جەرياندا ھامۇت مەۋلىۋى ئابدۇلخەبىر داموللامدىن ئەقائىدۇننەسەفىدىكى تارتىشىلىۋاتقان مەسىلىلەردىن 12 سۇئال قويدى، بۇ مەسىلىلەر سابىت داموللام زامانىسىدىمۇ تارتىشىلغان مەسىلىلەر ئىدى، داموللام شۇنداق گۈزەل جاۋاپ بەردىكى، ئىمىن مەۋلىۋى ۋە ھامۇت مەۋلىۋىلەرمۇ داموللامنىڭ ئىلمىدىن ئالغان ئىستىفادىدىن بەكلا خۇرسەن بولدى.

بېيجىڭدا يىغىن ئەھۋالى: خىتايلار بىزگە 2 ئاي ئاتېئىزم، ماركسىزم، لىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەلىرىنى مەجبۇرى ئۆگەتتى، ئىسلام جەمئىيىتىمۇ قۇرۇلغان بولدى، يىغىنغا مۇئاۋىن زۇڭلى چىنيى رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا بۇ خىتاي مۇنداق دېدى: سىلەر ۋە ئىسلام جەمئىتى بىزنىڭ كوممۇنىزمغا بېرىش يولىدا ياردەمدە بولىدىغان بىر كۆۋرۈك، بىز ھازىر سوتسىيالىزمدا، كوممۇنىزمغا ئۆتتۇۋالغاندىن كېيىن بۇ كۆۋرۈكنى ئېلىپ تاشلايمىز، دىنمۇ، سىلەرمۇ يوقۇلۇپ كېتىسىلەر دېدى ۋە بۇگۈن ئەسلى يىغىن ئاخىرلاشماقچى ئەمما 3 كۈن ئۇزارتتۇق، سەۋەپ، سىلەر بىلەن مۇنازىرلەشمەكچى، سىلەر ئاللاھنى بار دەيسىلەر، ئۆلسەك قايتا تىرىلىمىز دەيسىلەر، ئەمما بىز كۆرمىگەنگە ئىشەنمەيمىز، ئۆلۈكنىڭ تىرىلگىنىنى كىم كۆردى، بۇ توغرىدا مۇنازىرە قىلىمىز، مۇنازىرىگە ئاراڭلاردىن ئىككى ۋەكىل سايلاڭلار، مۇنازىرىدىن كېيىن يىغىننى خۇلاسە قىلىمىز دېدى. بۇ مۇنازىرىگە ئالىملار مەسلىھەت بىلەن داموللامنى سايلىغان، داموللام مۇنازىرە قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلىكى، ھازىر جاۋاپلىقى بىلەن، زۇڭلىنىمۇ شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا گەپتە تۇتۇپ قويغان. زۇڭلى مەركەزدە جىددىي ئىشىم چىقىپ قالدى دەپ مۇنازىرىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن.

داموللام گەپتە تۇتۇلۇپ قالغان بولسا ئىدى بۇ خىتايلار بۇگۈن بىزگە كۈن بەرمەستى دېدى، مەقسۇد ئەلەم

ئاخۇنۇم نەق مەيداننى ئەسلەپ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن خىتايلار داموللامنى تېخىمۇ قاتتىق كۆزىتىشكە باشلىدى، داموللامنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ كۆز ئاستىدا ئىدى.

1959 ـ يىلى توقسۇندا دىنىي ساھەلەر يىغىنى ئېچىپ، ئالىملار ئاراسىدا قاتتىق ئۇرۇپ كۆرەش قىلغان، ھەتتا بەزى كۆنلىرى بەدەنىدىكى قاننىڭ سەۋەبىدىن ئۆچ قېتىم كېيىم ئالماشتۇرۇپ داۋاملىق ئۇرغان.

1959 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغا قەدەر ئىككى نازارەتچى ئاستىدا، كۇنىدۇزى كوپېراتسىيە ئەزالىرى بىلەن ئىشلىسە، كېچىسى يول تازىلاش، كوپېراتسىيە ئائىلىرىنىڭ ئىغىللىرىنى تازلاش قاتارلىق ئەمگەكلەرگە مەجبۇرى سالغان.

ـ 1966يىلى داموللام ئۆزى يازغان ئىككى توملۇق ئىسلام تارىخى كىتابىنى ۋە باشقا ھەدىس، تەپسىرلەرنى سىم بىلەن داموللامنىڭ بويىنغا ئېسىپ، كوچىلاردا دىنى ئۇنسۇر دەپ سازايى قىلغان، سىم بويىنغا پېتىپ كىرىپ قاناپ كەتكەن ھالەتتىمۇ جاللاتلار سىمنى ئېلىۋەتمىگەن.

1967 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئۆيىدە قوپالماي ھالسىز ياتقان بولسىمۇ، 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يەكشەنبە، مىڭغا يېقىن ئەسكەر بىلەن داموللامنىڭ ئۆيىنى قورشاپ، ئەھۋالىغا قارىماستىن تاختايغا ياتقۇزۇپ باغلاپ، تۆت ئادەمنى كۆتەرگۈزۈپ، تىراكتور ئىچىگە ئاتقان ۋە شۇ پېتى تۈرمىگە ئېلىپ كەتكەن.

خىتاي كومۇنىستلارنىڭ داموللامنى كۆرەش قىلىش ۋە تۈرمىگە ئېلىشتىكى سەۋەبىنى خىتاي غالچىلىرىدىن ئايۇپ تەنجاڭ مۇنداق ئىزاھلىغان: بۇ ئادەم 70 يىللىق ئۆمرىنى ئىسلامغا بېغىشلىغان، چەتئەللەردە تەسىرى بار، ئىسلام ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئالاقىسى قويۇق، كېرىيەدە ئىنقىلاب قىلىپ نۇرغۇن خىتتاي ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئىسلامى ھۆكۈمەت قۇرغان، گۇما ناھىيىسىدە 2000 خىتتاي ئەسكەرنى قىرىپ تاشلىغان، يېڭىسادا نۇرغۇن ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن، شۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا كۈچ چىقارغان، دۆلەت بۆلگۈنچىسى، مىللىي، دىنىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر دىگەن.

1971 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تاياق ۋە ئاچ قويۇش ئارقىلىق تۈرمىدە شېھىت قىلىپ، مېيىتىنى ئائىلىسىگە بەرمەي كېچىسى يۇشۇرۇن كۆمۈۋەتكەن.

ئۇستازنىڭ تارىخى ۋەتەندە مەتبۇئاتتىن چىققان كېرىيە تارىخ ماتىرىياللىرى ۋە توخسۇن تارىخ ماتىرىياللىرىدىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن، شېھىتلىق ماقامىغا ئىرىشتۈرسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىز مۇھتاج بولۇۋاتقان سادىر پالۋان روھى

مۇھەممەد يۈسۈپ

سادىر پالۋان قىسسىسى بىزگە خەلقنىڭ ئازادلىقىدىن باشقا ھېچقانداق مۇددىئاسى بولمىغان، مەنسەپ، شۆھرەت ۋە قانداق بىر شەخسىي مەنپەئەتنىڭ كەينىدىن يۈرمىگەن، ھاياتىنى خەلقنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئاتىغان ھەقىقىي قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى زامانىمىزدا سادىر پالۋان روھىغا ئىنتايىن موھتاجدۇر.

سادىر پالۋان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەبىت مانجۇ ـ خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلقنى قوزغاپ جەڭ قىلىپ، ئاخىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىپ، 1867 ـ يىلى «ئىلى سۇلتانلىقى»نى قۇرغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى ئەلاخان سۇلتانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆز يېزىسى ـ مولتوختىيۈزىگە كەتكەن ۋە ئۇ جايدا 1871 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن خەلق قەھرىمانىمىز

بولۇپ، ئۇنىڭ تۆھپىلىرى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

سادىر پالۋان 1798 ـ يىلى باھاردا ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ جىلىلىيۈزى يېزىسىنىڭ موللىتوختىيۈزى كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنيا كېلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەخمەت بولۇپ، خۇش چاقچاق، خۇش پېئىل ئادەم بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى «خۇشئەخمەت» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى مۇستەبىت مانجۇ ـ خىتاي مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن، 1767 ـ يىلىغىچە ئۇچتۇرپان، خوتەن، يەكەن، قۇمۇل ۋە باشقا شەھەرلەردىن بولۇپ، ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن 6000 ئائىلىلىكنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى ـ خوتەن قارىقاش ناھىيىسى توقماق مەھەللىسى بولۇپ، ئۇ مەھەللىدىكىلەر تۇنجى قېتىم مەنچىڭ ئىستىبداتىغا «تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈپ» قارشى چىققانلىقتىن، بۇ مەھەللە نامى «توقماق» دەپ ئاتالغان. شۇنداقلا، بۇ مەھەللە كىشىلىرى دەسلەپكى سۈرگۈندە ئىلىغا ھەيدەلگەنلەر ئىدى.

سادىر پالۋان ياشىغان يىللار مانجۇ ـ خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمى ئەۋجگە چىققان، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قۇل ئورنىدا كۆرگەن ۋە ئۇلارغا تۈرلۈك ئالۋاڭ ـ سېلىقلارنى سېلىپ بوزەك قىلغان ۋە بارچە زۇلۇم ـ ستەملىرىنى قىلغان ۋاقىتلار بولۇپ، سادىر پالۋان جەۋر ـ زۇلۇم ۋە ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار جەريانىدا، مانجۇ ـ خىتاي مۇستەبىتلىرىگە قارشى قورقماس، قايتماس پالۋان بولۇپ يېتىلىدۇ. سادىر پالۋان 15 ياشقا توشماي تۇرۇپلا ئانىسى رابىخان، روزى، رەۋەي، ئىگەمبەردى، تىلىۋالدى، مايسىخان، مايىمخان قاتارلىق ئاكا ـ ھەدىلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ جاپالىق ھاياتتا دادىسى بىلەنلا قالىدۇ.

سادىر پالۋان 1813 ـ يىلىدىن 1823 ـ يىلىغىچە ئىلى ۋە ئۈرۈمچى تۈرمىلىرىدە ياتىدۇ. كۆپ قېتىم تۈرمىدىن قاچىدۇ، يەنە تۇتۇلىدۇ. كېيىن يەنە تۇتۇلۇپ، 1828 ـ يىلىدىن 1830 ـ يىلىغىچە قۇمۇل يامۇلىدا ياتىدۇ. 1831 ـ يىلىدىن باشلاپ خەلقنى تەشكىللەپ مانجۇ ـ خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلغان سادىر پالۋان 1867 ـ يىلى غەلىبە قىلىپ، «ئىلى سۇلتانلىقى»نى قۇرىدۇ. سادىر پالۋاننىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، قورقماس، ئوت يۈرەك مۇجاھىد ۋە قايتماس ئىنقىلابچى ئىكەنلىكى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. سادىر پالۋان 15 يېشىدىن باشلاپ 1858 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 13 قېتىم زىندانغا تاشلانغان، ئۇلۇغ ئانا ۋەتىنىنى بېسىۋالغان دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىغان جەڭگىۋار خەلق

www.uyghurkitap.com

قەھرىمانىدۇر. سادىر پالۋان خەلقنى مانجۇ-خىتاي زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا زىندانغا تاشلىنىشتىن، دۈشمەننىڭ تاياق-توقماقلىرىدىن قىلچە ۋايىم يېمىدى، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق ناخشا-قوشاقلىرى، زۇلۇمغا قارشى ئۇزۇل-كېسىل ئىسيانكارلىق روھى بىلەن ئۆزىنى تەربىيەلىدى، زالىم مانجۇ-خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ قاتتىق دەككىسىنى بەردى. ئۇ دەسلەپتە 50 كىشىلىك دېھقانلار ئەترىتىنى تەشكىللىك هالدا قانخور زالىملارغا قارشى ئاتلاندى.

ئىلىدا مانجۇ-خىتاي مۇستەبىتلىرىگە قارشى 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغان زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ مېۋىسىنى، يەتتە يىل هۆكۈم سۈرگەن «ئىلى سۇلتانلىقى» هاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىنى سادىر پالۋاندىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. سادىر پالۋان يالغۇز خەلق قەھرىمانى بولۇپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ خەلق شائىرى، كۈيچىسىدۇر. خەلقىمىز ئۇنىڭ ناخشا-قوشاقلىرىنى هازىرغا قەدەر چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئاڭلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ناخشا-قوشاقلىرى خەلقىمىزنى زالىم مانجۇ-خىتاي هاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشكە چىللىغۇچى سىگنال، خەلقىمىزنى غەپلەتتىن ئويغاتقۇچى سادا، قوزغىتىش ناخشىسى، نىشان كۆرسەتكۈچى ماياك، ئارزۇسىنى ئىپادىلىگۈچى قورال بولغان ئىدى، هازىرمۇ بىزنى ئويغاتقۇسى ۋە يولىمىزغا شام ياققۇسى.

بىز هازىرقى پەيتىمىزدە سادىر پالۋان روھىغا تولىمۇ موھتاجمىز، بىزدىن مىڭلارچە سادىر پالۋانلارنىڭ چىقىشىنى، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن هاياتىنى ئاتايدىغان، مەنسەپ، شۆھرەت تەمەسىدە بولمايدىغان، پەقەتلا ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش، خەلقىمىزنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش يولىدا هارماي-تالماي ئىشلەيدىغان، ئۆلۈمدىن ۋە ھەرقانداق جاپادىن قورقمايدىغان ھەقىقىي سادىر پالۋانلارنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## سادىر پالۋاننىڭ يېڭى تېپىلغان قوشاقلىرى

سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرىنى توپلىغان مەسئۇم سابىت دېگەن كىشى تۆۋەندىكىلەرنى يازغان:

مۇستەبىت مانجۇ-خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇم-ستەملىرىگە قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلغان مىللىي قەھرىمان ۋە خەلق قوشاقچىسى سادىر پالۋاننىڭ بۇ قوشاقلىرىنى دەسلەپ توپلىغان كىشى تۇرپانيۈزلۈك موللا ھەمرا كاتىبتۇر[1]. مەن 1945-يىلى ئەتراپىدا، بۇ كىشىدە بىر ئاز ۋاقىت ئوقۇغان. شۇ

[1] موللا ھەمرا كاتىبى-غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىدىن بولۇپ، 1870-يىلى تۇغۇلۇپ، 1946-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغان.

مەزگىللەردە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىدا سادىر پالۋاننىڭ رەسىمى بىلەن بىر قىسىم قوشاقلىرى ئېلان قىلىنغان ئىدى. مەن بۇ ژورنالنى موللا ھەمرانىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپ، ئوقۇپ بەرگىنىمدە بۇ كىشى بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ: «بۇ قوشاقلار سادىر پالۋاننىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن... يەنە، سادىر پالۋاننىڭ مۇنداق قوشاقلىرىمۇ بار، ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ قالغىن» دەپ، كىتابلىرى ئارىسىدىن تېشى لاتا بىلەن چاپلىنىپ مۇقاۋىلانغان بىر قولىيازمىنى سۇغىرىپ ئېلىپ ئوقۇپ بەرگەن. بۇ قوشاقلار ئەينى ۋاقىتتا مەندە خېلىلا تەسىر قالدۇرغان ئىدى. شۇ چاغدا، موللا ھەمرا كاتىبىنىڭ قولىدا سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرىنى كۆرگەنلىكىمنى دادامغا ئېيتقان ئىدىم، موللا ھەمرا كاتىبىنىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشقان مەزگىلدە، دادام بۇ قولىيازمىنى ئۇنىڭدىن سوراپ ئالغان.

بۇ قولىيازما دادامنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، 1853-يىلىغا كەلگەندە، مەن ھەربىي قىسىمدىن «شىنجاڭ دارىلفۇنى» غا ئوقۇشقا ماڭماقچى بولدۇم. سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ نەشر قىلدۇرۇش نىيىتىدە، قولىيازمىنى تۇرپانىيۇزدىكى چوڭ دادام - مەھەممەتجان جابىر ئىمامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ئوقۇتۇپ، (ئۇ چاغلاردا مەن كونىچە خەتنى تېخى دېگەندەك ياخشى ئوقۇيالمايتتىم). يېڭىچە ئىملادا يېزىپ چىقتىم. 1953-يىلى 9-ئايدا ئۈرۈمچىگە بېرىپ، سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى تۇرپانىيۇزدە ئۆزۈم توپلىغان ئىسمايىل كاككۇك[1] قوشاقلىرى بىلەن قوشۇپ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژورنىلىغا بەردىم. «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژورنىلى 1954-يىل 11-ساندا ئىسمايىل كاككۇكنىڭ ئازغىنە بىر قىسىم قوشاقلىرىنى ئېلان قىلدى. سادىر پالۋان قوشاقلىرى نېمە سەۋەبتىندۇر ئېلان قىلىنماي بېسىلىپ قالدى.

1964-يىلى، تۇرپانىيۇزى يېزىسىنى نۇقتا قىلىپ «تۆت تازىلاش» ھەرىكىتى» يۈرگۈزۈلگەندە، دادام ئۆزى ئۈستىدە چىققان «توردىن چۈشۈپ قالغان باي دېھقان» دېگەن سۆزدىن قورقۇپ كېتىپ، قولىيازمىنى كونا كىتابلار بىلەن قوشۇپ كۆمۈپ تاشلىغان ئىكەن. 1966-يىلى دادام ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، مەن ئۇنىڭدىن ھېلىقى قولىيازمىنى سورىغان ئىدىم. ئۇ كىتابلارنىڭ كۆمۈلگەن ئورنىنى تاپالمىدىم. ئاپام ئەھۋالنى كۆرۈپ: «داداڭ كېسەلنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەس - ھوشى جايىدا بولماي قالغان ئىدى. يوق گەپكە ئىشىنىپ ئۆزەڭنى ئاۋارە قىلمىساڭچۇ...» دېدى. شۇ گەپ بىلەن

---

[1] ئىسمايىل كاككۇك تۇرپانىيۇزدە ئۆتكەن خەلق قوشاقچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈمىدنى ئۈزۈپ، توختاپ قالغان ئىدىم.

1981-يىلى كۈزدە، ئاكام باغقا ئورا كولىغاندا، بۇ كىتابلار چىقىپ قالدى. لېكىن، بۇ نەرسىلەر ياخشى ئورالمىغاچقا ۋە زەي يەردە ئۇزۇن يىل تۇرۇپ كەتكەچكە چىرىپ كاردىن چىقىپتۇ. قولىيازمىنىڭ ۋاراقلىرىمۇ بىر-بىرىگە چاپلىشىپ، تۇتقۇسىز ئەھۋالغا كېلىپ بولغان ئىكەن. تەجرىبىلىك يولداشلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قولىيازمىنىڭ ھەربىر ۋارىقىنى ئاۋايلاپ سويۇپ ئېلىپ سۇغا چىلاپ، ئۇنىڭدىكى خىرەلەشكەن خەتلەر سەل ئەسلىگە كېلىشى بىلەنلا دەرھال خاتىرىلىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قولىيازمىنىڭ شۇ ئۇسۇلدا ئوقۇغىلى بولىدىغان بەتلىرىدىكى بارلىق قوشاقلارنى يېزىۋالدىم.

قولىيازما ئەسلىدە ئۇزۇنچاق، تار شەكىلدىكى بىر دىۋان بولۇپ، ساغۇچ قەغەزگە قارا سىيا، قومۇچ قەلەم بىلەن ھۆسنخەتلىك قىلىپ يېزىلغان ئىدى. بۇ قوشاقلار زادى سادىر پالۋاننىڭمۇ، ئەمەسمۇ؟ بۇ قوشاقلارنى موللا ھەمرا كاتىپى قانداق توپلىغان؟ دېگەندەك سوئاللار مېنى ئۇزۇندىن بېرى ئويغا سېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ گۇمانى پىكىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يېقىندا يولداش تېيىپجان ھادى بىلەن سادىر پالۋاننىڭ يۇرتى موللاتوختىيۈزى مەھەللىسىگە چىقىپ، سادىر پالۋاننىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرى بىلەن تۆت كۈن ئەتراپىدا سۆھبەتتە بولدۇق. بۇ جەريانىدا، مەن ساقلاپ يۈرگەن قوشاقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سادىر پالۋاننىڭ ئۇرۇق-جەمەتلىرى ئىچىدە ھېلىمۇ ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

موللا ھەمرا كاتىپى توغرىسىدا: «موللا ھەمرا ئىمامنى ئوبدان بىلىمىز. ئۇ كىشى بىزنىڭ ئائىلىرىمىز بىلەن قويۇق بېرىش-كېلىش قىلاتتى. كېيىن، بىر مەزگىل مۇشۇ مەھەللىدە ئىماممۇ بولۇپ تۇرغان. ئۆزى شائىر، بىلىملىك ئادەم ئىدى» دەپ ئىسپات قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز: موللا ھەمرا كاتىپى بۇ قوشاقلارنى سادىر پالۋاننىڭ ئۆز ئەۋلادلىرى ئىچىدە يۈرۈپ توپلىغان ئىكەن، دېگەن پىكىرنى مۇقىملاشتۇردۇق. سادىر پالۋاننىڭ ئائىلىمىزدە ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ قىممەتلىك قوشاقلىرى ئىچىدىن تېخى ئېلان قىلىنمىغان بىر قىسمىنى كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇندۇم. كۆپچىلىكنىڭ تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## سادىر پالۋان قوشاقلىرى

تىزلامچىنى كىيمەيمەن،
ئارقام ئوچۇق قالىدۇ.
گەپلىرىمگە گۈل مومام،

كۆلۈپ كۆكسى قالىدۇ.

موماممۇ بەك ئازىلايدۇ،
ئاپاممۇ بەك ئازىلايدۇ.
پاتقاققا پىتىپ كىرسەم،
مومام ئاۋۋال تازىلايدۇ.

مومام ئىدى تەقۋادار،
ئۆگەتتى جىق قوشاقنى.
نامە ـ ھەقنى بىلگۈچە،
قورۇپ بەردى پۇرچاقنى.

بىر پۇرچاققا بىر قوشاق،
توقۇپ بەردى ئاخشىمى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
گۈل مومامدەك ياخشىنى.

مومام توقىغان بۆزدە،
ماڭا پوسما تىكىپ بەرگەن.
چوڭ دادام پوپۇش تىكتى،
مەن ئۇنى ئاياپ كىيگەن.

دادام تايغا ئاتماققا،
يەردىن بىر تال تاش ئالدى.
بىر قوشاق ئېيتىپ بەرسەم،
كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

داۋۇتكام تۆمۈرچىگە،
ياساتتىم بىر نەيزىنى.
شىرىپ دىگەن تاغام بار،
ئالدىم نەيزە پەيزىنى.

قىلىچقىمۇ يىتىشتىم،
ئالدىم تىكەن بىشنى.
چىرىك قىلىپ چاندىم،
ساينىڭ قورام تىشنى.

ھارسام دۆڭدە ئولتۇردۇم،
نەچچە قىلىچ سۇندۇردۇم.
ئۇستاز بول، دەپ تاغامنى،
ئۆيدە نەچچە قوندۇردۇم.

ئەللەر تىرىيدۇ ئاشلىق،
ئاشلىققا مانجۇ باشلىق.
ئاشلىق تەرگەن ئەللەرنىڭ،
قىشى ـ ياز كۆزى ياشلىق.

بىنەم تەرسەك، ھوسۇلغا ـ
مانجۇلار ئىگە، دەيدۇ.
ھوسۇلنى بۇلاپ تۇرسا،
دىھقانلار نىمە يەيدۇ.

مانجۇلارغا ھاي ـ ھايچى،
ھەر مەھەللىدە بىر دوغا.
پۇقرانى قاقشاتقۇچە،
بەگلەر يەپ ئۆلسۇن ئوغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر پۈت تۈز ــ بىر دادەن ئاش،
مانجۇلاردا بارمۇ باش.
مانجۇلارنىڭ دەستىدە،
دېھقان قالدى يالىڭاچ.

رازىلىق ئالدىم ئەلدىن،
پوتا باغلىدىم بەلدىن.
ئەل پەريات چېكىپ تۇرسا،
ئاش ــ نان ئۆتەمدۇ گالدىن.

تاغنىڭ بېشى ئالاڭغۇ،
قارىغاي ئېچى قاراڭغۇ،
ئەلنىڭ دەردىنى ئويلاپ،
سادىر بولدى ياداڭغۇ.

كىمگە ئېيتاي دەرتلەرنى،
ئاڭلار بارمۇ گەپلەرنى؟
سادىر ناخشىغا قاتتى،
يىغىپ قويغان «خەپ» لەرنى.

قاغا ــ قۇزغۇن گۆش يەيدۇ،
بۆرە ، ئىتمۇ گۆش يەيدۇ.
مانجۇلار چاغان قىلسا،
پەنتۇ، سولان مۇش يەيدۇ.

نوغايتۇنىڭ يولىدا،
مانجۇلار يېتىۋاپتۇ.
تۆت مانجۇنى بىر مانجۇ،
ساپانغا قېتىۋاپتۇ.

ئاتلىنىپ بەل ياقىلاپ،
دوغىدەك بولۇپ كەلدىم.
بىر كالتەك ئۇرۇپ باشقا،
مانجۇغا ئەجەل بەردىم.

چوڭ ئاكامنىڭ باللىرى،
مېنى كىچىك دادام، دەيدۇ.
ۋاق يېتىپ دىدارلاشماق،
بىز ئۇچۇن تائام، دەيدۇ.

ھەر ئاخشىمى ئۆت دەيدۇ،
مەھەللىمىزدىن ئاي بولۇپ.
يۈگرەپ چىقىپ كۆرەيلى،
ئويناقشىغان تاي بولۇپ،

تايچاق دېگەن تايچاقتە.
ئات بولۇشنى بىلمەيدۇ،
ئۇستىگە ئىگەر ئارتىپ.
يات بولۇشنى بىلمەيدۇ،

ئاق لەيلىنىڭ بېشىدا.
سىرىق قۇشقاچ سايرايدۇ،
شەرۋانە جۇمە كۈنى.
سۇمبۇلنى تارايدۇ.

تونۇر بېشىغا كېلىپ،
توقاچ يۈزلۈك ئاي كۆردۈم.
شەرۋانە بىلەن بىللە،
بەك ئوبدان ئۆمۈر سۈردۈم.

قارىغاي ئارىلاپ ئۆتسەم،
ھۈركىمدى كىيىكلەر.
سادىرنى تۇتۇش ئۈچۈن،
ئىزدەپ كەلدى چېرىكلەر.

كەلسەڭ كېلىۋەر چېرىك،
قالمايسەن بىرىڭ تىرىك.
سادىرغا تاغ ـ تاش ياراق،
مېنى ئىزدىمەي سىلىك.

سادىرنىڭ مىلتىغى يوق،
تاش ـ سالمىنى قىلدى ئوق.
بىر چېرىكنى يۇمىلاتتىم،
يۈز چېرىكتىن بىرىمۇ يوق.

سادىر ھېيلىگەر، دەيدۇ،
ھېيلەم راست يالغان مېنىڭ.
يارانلارغا ھەيدەتكەن،
سەركەممۇ پالۋان مېنىڭ.

ئۆزمەي ئاتتۇق بەش كىشى،
ھۈركۈپ قاچتى مىڭ كىشى.
جان تاتلىق چېرىكلەرگە،
سادىردا نېمە ئىشى.

كىمكى تۇتسا سادىرنى،
جاڭجۇن بېرەر مىڭ تەڭگە.
چامىڭ يەتسە تۇتمامسەن،
قوشۇپ بېرەي مىڭ تەڭگە.

ناخشىنى كۈچەپ ئېيتسام،
سادىرنىڭ ئۈنى، دەيدۇ.
يايلار كۆرەڭلىشىپ،
تۇتۇڭلار بۇنى، دەيدۇ.

تاغلارنىڭ ياغاچلىرى،
تاغنى تالىشىپ ئۆسكەن.
سادىرنىڭ ئېتى ئۇلۇغ،
يۇرتنى تالىشىپ ئۆسكەن.

قۇمۇل يامۇلى، دەيدۇ،
كەينىدە سېپىلى يوق.
تالاغا چىقاي دېسەم،
سادىرنىڭ كېپىلى يوق.

ئىلقا ئۈيرىسى نەدە،
ئۈيلار پادىسى نەدە؟
سادىرنى يالغۇز دېمەڭ،
يۇرەك پادىسى شەدە.

بالام باققان كاككۇكنىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بويىندا تۇمارى بار.
كاككۇكلار مۇرات تاپسۇن،
سادىرنىڭ خۇمارى بار.

سىپىلنى تېشىپ چىقتىم،
كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم.
ئايماقلارنى جەملەشكە،
تاغلارغا قېچىپ چىقتىم.

ئوتقا كىرسەم، ئوت رەستە،
تاغقا چىقسام تاغ رەستە.
كۆزۈمنى ئاچقانلارنى،
دائىم تۇتىمەن ئەستە.

موللا بىلال ئۆز باغرىم،
گېپىم بار ئاڭا دائىم.
يۈزمۇ ـ يۈز سۆزلەشكىلى،
بەيتۇللاغا[1] ئۈچ باردىم.

موللا بىلال تەقۋادار،
ئەلگە بولدى بەك ھەيران.
دېدى: جەڭگە چىققۇلۇق،
يېتىپ بولغۇچە ۋەيران.

ئوغۇل بالىمەن سادىر ،
نەگە بارسام يولۇم بار.
موللا بىلال ئالدىدا،
ئوڭ كۆكسۈمدە قولۇم بار.

موللا بىلال ئۇستازىم،
بېشىمدا ئالتۇن تاجىم.
زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشقا،
يار ـ يۆلەك ماڭا دائىم.

موللا بىلال خاتىپنى،
جاڭجۇن تۇتىمەن، دەپتۇ.
بەردەڭگىلىك سادىر بار،
جاڭجۇن ھۆل تېزەك يەپتۇ.

تاغ بېشىدىن قول سۇنۇپ،
ئۈزەي كۆكتىن ھىلالنى.
سادىر ئۆزى ئېپ چىقار،
قازانچىغا① بىلالنى②.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
بەيتۇللادىن قوغلىدى.
قازانچىغا مۆكۈنسەم،
موللا بىلال يوقلىدى.

كىمگە ئېيتاي دەرتلەرنى،
ئاڭلارغا قۇلاق بارمۇ؟
ئېيتقىنى نازىم ئۇستاز،
قايىنامغا تۇۋاق بارمۇ؟

---

① غۇلجا شەھىرىدىكى مەدرىس.
② موللا بىلال نازىم.

شەھەرگە بارار بولسام،
قازانچىنى[①] يوقلايمەن.
نازىمغا قىلىپ تازىم.
سارايدىلا ئۇخلايمەن.

چوڭ ئوغلۇمغىمۇ بىلال
بەردى ئىلمى كالامنى.
بالىلىرىم ئەجەپ سىپا،
تاشلىمايدۇ سالامنى.

جاڭجۇن موللا بىلالنى،
ئۆلتۈرۈپ چىدالمايدۇ.
جاڭجۇن قول سالغان كۈنى،
ئىلىدا تۇرالمايدۇ.

يۇز بېگىگە «ئات» دېسەم،
ھەيدەپ كەپتۇ يۇز ئاتنى.
ئاتلىنىپ چىقىپ ھەر يان،
توسۇۋالدۇق ئۇچ ياقنى.

چېرىكلەر ئاتقان ئوقلار،
ھالقىپ كەتتى ئۇ تاغقا.
بىز دۈشمەنگە سىجىلدۇق،
دۈشمەن كەلمەي بۇ ياققا.

بۆرى قورقار مىلتىقتىن،
چېرىك : بىز ئات سېلىشتىن.
بىز قوغلىدۇق ، چېرىكلەر——
قۇتۇلالمىدى قىلىچتىن.

دەككە ـ دۈككىدە دۈشمەن،
ئېقىن سۇ بىلەن قاچتى.
ئازاپ چەككەن ئايماقلار،
قاچقانغا قاراپ تاشتى.

مېنىڭ بەش ھەمرىيىم بار،
تۆتى تۇڭگان ، بىر قالماق.
ھەمراھلارنىڭ غەيرىتى،
شەھەرنى چاپسان ئالماق.

قالماقلارمۇ ئات سالدى،
تۇڭگانلارمۇ ئات سالدى.
قارا تاشقا كەلگەندە،
چېرىكلەر ۋاي دات سالدى.

كۇلدە كۆمەچ پىشۇرغان،
ناسىركامغا ئوق تەگدى.
قىساس ئوتى يامانكەن،
دۈشمەننى سادىر يەڭدى.

[①] غۇلجا ناھىيە مولتوختىيۇزى يېزىسىنىڭ غەربىي ـ شىمال تەرىپىدىكى بىر غولنىڭ نامى.

5 غۇلجا شەھىرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

قارا تاشنىڭ[①] ئالدىدا،
ئۆلۈكنى سىپىل قىلدۇق.
ئۆلتۈرمەسكە پۇقرانى،
جاڭجۇڭنى كېپىل قىلدۇق.

جاڭجۇڭ قويدى قولنى،
توسمىدۇق يولنى.
ئالماي ئۆزگە بەردۇق،
بىزگە سۇنغان پۇلنى.

ماڭغان يولۇم قازانچى،
غانجۇغامدا ئارغامچى.
ۋەدىسىدە تۇرمىدى،
جاڭجۇڭ دېگەن يالغانچى.

جاڭجۇڭنى قويۇپ بەرسەم،
باشلاپ كەپتۇ مىڭ لەشكەر.
لېۋىمنى راسا چىشلەپ،
بېلىدىم قىلىچ ـ خەنجەر.

سادىردا بار بەردەڭگە[②]،
تويدى چىرىك مەرگەنگە.
پۇشايمان يېدى جاڭجۇڭ،
جەڭ قىلىشقا كەلگەنگە.

دۈشمەن قاچتى شەھەرگە،
ئاتقان پو[③] لىرى قالدى.
ناشتا قىلماي سەھەردە،
ئۈچ پو نى سادىر ئالدى.

قاپتۇ پو نىڭ پىلتىسى،
ئاتالمىدى خىلىسى.
سادىرنىڭ قولى ئەپلىك،
بىلىندى پو نىڭ ھېيلىسى.

مانجۇ چىللاپ ئورۇسنى،
ئاتتى ـ چاپتى چەنتۈنى.
ئەل ـ يۇرت راۋا كۆرەمدۇ،
ئورۇس ئاتلىق مەتۈنى.

تاغدا بۆرى ھۇۋلايدۇ،
ئەلنى ئورۇس بۇلايدۇ.
ئەل گۈلەيسە، قولنى
چىخ كۇلادا تولايدۇ.

ئۇ، كۆككۆز يامان كۆككۆز،
مۇشۇكتەك ماراپ يەيدۇ.
ئالايساڭ ئورۇسلارغا،
يۇرتۇڭلار خاراپ، دەيدۇ.

① يەر نامى.
② بەردەڭگە ـ مىلتىق.
③ پو ـ زەمبىرەك.

مانجۇ بەگلىرى نادان،
ئورۇس بەگلىرى ھايۋان.
ئېلىنى مىلەپ قانغا،
باغان يېرى مۇز داۋان.

سىرىق ساقال چوڭ ئورۇس،
مۇز داۋانغا پو ئاتتى.
ئاتقان پو لىرى دۈگلەپ،
ھاڭنىڭ تېگىدە ياتتى.

مۇز داۋان دېگەن داۋان،
داۋان ئەمەس، ھاڭ ئىكەن.
ئورۇسنىڭ چېرىكلىرى،
بىر ـ بىرىدىن زاڭ ئىكەن.

قەشقەر دېگەن شەھەردە،
تۇمەن، دېگەن يەر بار ئىكەن.
مانجۇلارغا باش ئەگمەس،
مۆمىن دېگەن ئەر بار ئىكەن.

مۆمىن بىلەن سادىرنى،
چىللىساڭچۇ بىر يۇرتقا.
تەڭ كەلمەمدۇ ئىككى مۇش،
مانجۇ بىلەن ئورۇسقا.

قەشقەر دېھقىنى دەيدۇ،
ئاقسۇ دېھقىنى دەيدۇ؛
قالدى تەڭلا خورلۇقتا،
كىممۇ غېمىنى يەيدۇ.

ئاقسۇ نېمە بولغاندۇ؟
قەشقەر نېمە بولغاندۇ؟
نازىم دەيدۇ قەشقەرنى،
لىخشىپ قانغا تولغاندۇ.

دالوي ھۆكۈم قىلدى،
مېنىڭ ئىشىم بوش ئەمدى.
ئەخمەت غەزنىچى، تۆت بەگ،
ئۇزاتقاندۇر، خوش ئەمدى.

ئېگىز ھاۋانىڭ قۇشى،
يالغۇز تاشنى خالايدۇ،
يىغلىماڭلار قېرىنداشلار،
ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ.

كۈرەگىمۇ قامالدىم،
قۇمۇلغىمۇ پالاندىم.
نىيىتىم خالىس مېنىڭ،
ھەر جايدا ئامان قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 |
| شۋېتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كېرىم | 0040676224606 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 |
| ئاۋىستىرالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 |
| شۋېتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0046735710908 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 00491761038276 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 |
| تۈركىيە | ئابدۇررازاق قارىم | 00905468720476 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 |
| سەئۇدى ئەرەبىستان | ياسىن ئابدۇلھەكىم | 00966532071205 |